教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

# بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى

# تۇمۇچۇق بىلەن توز

# Tumuchuq Bilen Toz 旋木雀与孔雀



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
新疆电子音像出版社



خەلقىمىز قەدىمدىن بۇيان مەسەلدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەپ، ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتكە مەدھىيە ئوقۇپ، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ [illegible] ئېچىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىش، باشقىلارغا يار-يۆلەك بولۇش، ئىنسانىي خاراكتېرنى جارى قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ كەلگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەسەللەرنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ ۋە تەڭداشسىزدۇر. شۇ سەۋەبتىن پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مەسەلگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى خەلقىمىز ياراتقان مەسەل خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە تەربىيىلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىنى تۈزۈپ پەرزەنتلىرىمىزگە سۇندۇق. بۇ كىتابچىلار مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقى بىلەن تەلەپچان ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيىلىشىدىكى قابىل ياردەمچىسى، پەرزەنتلەرنىڭ ساپالىق يېتىلىشىدىكى سادىق دوستى بولۇپ قالغۇسى!



教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى

بىلمىگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# تومۇچۇق بىلەن توز

# Tumuchuq Bilen Toz 旋木雀与孔雀



www.uyghurkitap.com

书　　名　儿童寓言
编　　者　碧利库特公司
责任编辑　古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任编辑　克尤木·吐尔逊
设 计 师　艾尼瓦尔·土尔逊
书 法 家：艾力夏提·艾孜孜
画　　家：买合木提·吐尔尼亚孜
出　　版　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830001
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　乌鲁木齐隆益达印务有限公司
开　　本　850×1168mm 1/32
印　　张　2.5
版　　次　2011年3月第1版
印　　次　2011年3月第1次印刷
定　　价　240元（共30种类，单价8.00元）

# نەشرىياتتىن

مەسەللەر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى زور دەرىجىدە تارتىپ كەلمەكتە. مەسەللەر ھەجمىنىڭ قىسقا، مېغىزلىق بولۇشى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كىشىلىك ھاياتقا نىسبەتەن ناھايىتى توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغانلىقى بىلەن دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەر. خەلقىمىز قەدىمدىن بۇيان مەسەل ژانىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۇنياقارىشىنى ئىپادىلىگەن، ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتكە مەدھىيە ئوقۇغان، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ قائىدە – قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىش، باشقىلارغا يار – يۆلەك بولۇش، ئىنسانىي خاراكتېرنى جارىي قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەسەللەرنىڭ ئىجابىي رولى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ ۋە تەڭداشسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدا ئۆسمۈرلەر تۈرلۈك مەسەللەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھايات قارىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرەلەيدۇ، ئاق – قارىنى ئېنىق پەرق ئېتەلەيدۇ، شۇنداقلا ھاياتنى قىزغىن سۆيۈپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساسىنى تۇرغۇزالايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بالىلارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن – سىن بۇيۇملىرى نەشىر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


ئېرشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلقۇت ئېلېكترون پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مەسەلگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى خەلقىمىز ياراتقان مەسەل خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە تەربىيەلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاپ نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن مەسەللەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان مەسەللەر بولۇپ، تەلەپچان ئاتا- ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدە پايدىلىنىشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى» — مەسەللەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئايرىم - ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر مەسەل مۇھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بىلقۇتجاننىڭ قىسقا - قىسقا دىئالوگلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. بۇ مەسەللەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، تېما دائىرىسى كەڭ، ئىخچام ۋە مېغىزلىق؛ تىلى چۇچۇك، راۋان ۋە يېقىملىق بولۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى كىشىلىك دۇنيا، ھايات ھەققىدە نۇرغۇن بىلىمگە، توغرا قاراشقا، ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىشكە، ئىشلارنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بىز بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق تەربىيەلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا - ئانىلارغا ۋە بىلىمگە تەشنا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


ئانا بۆكەننىڭ جاۋابى ........................ 1
ئۆردەكلەر ۋە مۈشۈك ........................ 2
كۆكيۈيۈننىڭ ھەسرىتى ........................ 4
خورازنىڭ خىيالى ........................ 8
ئىككى بۆجەن ........................ 10
لاپچى خوراز ........................ 13
جاۋاب ........................ 15
تۈلكە بىلەن ئۆچكە ........................ 18
قارچىغا بىلەن تۈلكە ........................ 20
ياۋا توشقان، سوپسوپياڭ ۋە مولۇن ........................ 22
چىشى چاشقاننىڭ ئەر تاللىشى ........................ 26
بوغما يىلان بىلەن پاقا پادشاھى ........................ 29
شىر، تۈلكە ۋە ئېشەك ........................ 32
تەدبىر ۋە تەقدىر ........................ 43
تۇمۇچۇق بىلەن توز ........................ 45
ئىنتىقام ........................ 50
قاسساپ ۋە كالا ........................ 55
قايسى يېرىمى كىمگە تەۋە ........................ 57
بەش تەڭگە ........................ 58

www.uyghurkitap.com




ئېشەكلىكتىن قۇتۇل ...... 59

ئەڭ ياخشى نەرسە ...... 61

بۆرىدىن ئىنساپ تىلەش ...... 63

خوراز بىلەن تۈلكە ...... 64

پاقا بىلەن قىسقۇچپاقا ...... 65

ئاتا نەسىھەتى ...... 66

كىم ئوغرى؟ ...... 68

بېخىل باينىڭ ئۆلۈمى ...... 69

پادىشاھ بىلەن دېھقان ...... 72

ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ...... 73

كەكلىك بىلەن تاشپاقا ...... 75

# ئانا بۆكەننىڭ جاۋابى

بىر بۆكەن ئاپىسىدىن: «ئاپا، بىز نېمىشقا بۇنچە تېز يۈگۈرەلەيمىز؟» دەپ سوراپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭغا: «بۆرىگە رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك. مەن ئەمدىلا يۈگۈرۈشنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمدا ئاپام ماڭا ‹سەن چوقۇم تېز يۈگۈرگىن جۇمۇ، بولمىسا بۆرە يەپ كېتىدۇ› دېگەنىدى. شۇڭا، مەن قورققىنىمدىن جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم. يۈگۈرگەنسېرى تېز يۈگۈرەلەيدىغان بولدۇم» دەپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ مەسەلنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— جېنىم بالام! شۇنى بىلگىنكى، بەزىلەر بىلىپ - بىلمەي سىزنىڭ تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ مانا مۇشۇنداق سەۋەب ئالمى، بىز بەزى ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇ ئىشقا ماھىر بولۇپ كېتىمىز. قانداق ئىش بىلەن كۆپ شۇغۇللانساق، شۇنىڭغا ماھىر بولۇشىمىزدا گەپ يوق. شۇڭا، ياخشى نام قالدۇرۇش ۋە ئەل ئىچىدە ئابرۇي قازىنىش ئۈچۈن چوقۇم ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشقا ئادەتلىنىشىمىز كېرەك.

— چۈشەندىم بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنى ساقلاتمايلا يەنە بىر مەسەلنى ئېيتىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۆردەكلەر ۋە مۈشۈك

ئۆردەك جەمەتى دەريادىكى بىر تىمساھنىڭ تاجاۋۇزىدىن بىزار بولۇپ كېتىپتۇ. بىر ياز چىقمايلا يەتتە ئەزاسىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇلار ياردەمچى تېپىپ تىمساھقا تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىپتۇ. مۈشۈك بۇ ئىشنى ئاڭلاپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. «قاراڭلار، مېنىڭ ئۆتكۈر تىرنىقىمغا، مياۋ...» دەپتۇ. مۈشۈك يەنە «قاراڭلار، مېنىڭ چاققان ھەرىكىتىمگە! بىردەمدىلا دەرەخكە چىقىۋالدىم، خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن تىمساھنى پارچە - پارچە قىلىپ سىلەرنى خاتىرجەم قىلىمەن.» ئۆردەك جەمەتى ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئامال قىلىپ نۇرغۇن بېلىق تۇتۇپ مۈشۈككە بېرىپ، قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ھۈنىرىنى بىر كۆرسىتىشنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۆردەك ئەمدىلا دەرياغا كىرىشى بىلەن تىمساھ ئېتىلىپتۇ. «قۇتقۇزۇڭلار!» ئۇلار مۈشۈككە قاراپ توۋلاپتۇ. بىراق مۈشۈك قىرغاقتا تۈگۈلۈپ تىترىگىنىچە: «مەن.. مەن.. سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن» دەپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ مەسەل ھەققىدىكى كۆزقارىشىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— بوۋا، بەزىلەر لاپ ئۇرغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە

قابىلىيىتى ۋە قۇدرىتى تايىنلىق، ۋاقتى كەلگەندە، ھېچنېمىگە ئەسقاتماسلىقى مۇمكىن. مۇشۇكنىڭ قىلغان ئىشى دەل بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — شۇڭا، باشقىلار ئالدىڭدا لاپ ئۇرغاندا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتمەي، ئۇنىڭ قانچىلىك قابىلىيىتى بارلىقىغىمۇ دىققەت قىلىشىڭ كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، خاتا ھۆكۈم چىقىرىشتىن، خاتالىشىپ قېلىشتىن ئۇنۇملۇك ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۆردەك دەل مۇشۇنداق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر زور پالاكەتكە يولۇقتى. بۇ ئىش بىزنىڭ ئىبرەت ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

بىلقۇتجان بېشىنى لىڭشىتىپ قايىللىقىنى بىلدۈردى.

مۆھتەرەم بوۋاي:

— ئادەم بۇ دۇنيادا ياخشى نام قازىنىپ، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ ئۆتۈشى كېرەك. يامان نام ئالغانلار بىلەن ھېچكىم ئالاقە قىلىشنى خالىمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. كۆكيۇننىڭ ۋەقەسى بۇ سۆزىمىزگە دەلىل بولالايدۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن، بوۋا؟ — دەپ سورىدى بىلقۇتجان قىزىقسىنىپ.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇ ھەقتىكى مەسەلنى ئېيتىشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com



# كۆكۈيۈننىڭ ھەسرىتى

بىر كۈنى ھەرە پادىشاھ كۆكۈيۈننىڭ ئورمانلىقتا ئۇچرىغانلىكى جان - جانىۋارلارنى چېقىپ ئارام بەرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. كۆكۈيۈن يالغان ۋەدە بېرىپ قۇتۇلماقچى بوپتۇ، بىراق ھەرە پادىشاھى ئۇنىڭغا ياغاچ، بادرا ۋە ئوت - چۆپ توشۇپ كېلىپ، بىر ئېغىز ئۆي ياساشقا بۇيرۇپتۇ ۋە:

— ئەگەر ئۆينى ۋاقتىدا پۈتكۈزەلمەيدىكەنسەن، ئورمانلىقتىن ھەيدىۋېتىمەن، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

كۆكۈيۈن ئۆينى قانداقمۇ ياسارمەن، دەپ باش قاتۇرۇپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا ئات ئۇچراپ قاپتۇ. كۆكۈيۈن بىچارە قىياپەتتە:

— ئات ئاكا، بېشىمغا كۈن چۈشتى، ماڭا تاغدىن سەككىز تال ياغاچ ئەكىلىپ بەرسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئات بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىچىدە: كۆكۈيۈن يىل بويى مېنى چېقىپ يۈرسە، مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەنمۇ؟ ياق، مەن ئۇنى ئالداپ قوياي، دەپ ئويلاپتۇ - دە، بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ، كېيىنرەك ۋاقتىم چىقسا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

كۆكۈيۈن كالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— كالا ھەدە، چوڭ پالاكەتكە يولۇقتۇم، ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، تاغدىن 30 تال بادرا توشۇپ بەرگەن بولسىڭىز، — دەپ يېلىنىپتۇ. كالا بولسا ئۇنىڭ قىلچە رەھىم قىلماي نەشتەر سانجىپ چېقىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ ـ دە:

— كۆرمىدىڭمۇ؟ مەن ناھايىتى ئالدىراش، — دېگىنىچە قۇيرۇقىنى تىك قىلغىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

كۆكۈيۈن بىر توپ قويلارنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— قوي دوستلار، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى چاقمايمەن. مەرھەمەت قىلىپ ماڭا بىر باغلامدىن چۆپ توشۇپ بەرسەڭلار، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. قويلار ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، ياۋاشلىقىدىن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي:

— قېنى، بىز مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە ھەممىسى بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ جىم تۇرۇۋاپتۇ.



— ھېچكىم ماڭا ھەمكارلىششىنى خالىمىدى، — دەپ زارلاپتۇ كۆكۈيۈن ھەرە پادىشاھىنىڭ ئالدىغا كېلىپ. ھەرە پادىشاھى ئۇنىڭغا:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— سەن ھەر دائىم باشقىلارنىڭ قېنىنى شوراپ كەلدىڭ، شۇڭلاشقا ھېچكىمدىن ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيسەن ! — دەپتۇ ۋە ئۇنى ئورمانلىقتىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

يېگانە قالغان كۆكۈيۈن ھەر يەردە ماكانسىز ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ. تا ھازىرغىچە كۆكۈيۈننى كۆرگەن ئاتلار بېشىنى لىڭشىتىپ يالغاندىن ماقۇل دەيدىكەن، كالىلار قۇيرۇقىنى تىك قىلىپ ئالدىراش چىپىپ كېتىدىكەن، قويلار بولسا باشلىرىنى بىر يەرگە ئېغىشتۇرۇپ كېغەش قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالىدىكەن.

— بوۋا، كۆكۈيۈن ھېچكىمگە رەھىم قىلمىغاچقا ۋە زۇلۇم سالغاچقا، ئۇلارنى ھېچكىم ئارىغا ئالمىدى، — دېدى بىلقۇتجان چۈرۈقلاپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ۋەقەسىدىن ھەقىقەتەن ئىبرەت ئېلىشقا ئەرزىيدىكەن.

— ھەر ھالدا توغرا سۆزلىدىڭ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — «بۇ ئۆتنە ئالەم» دەيدىغان گەپ بار، ھەقىقەتەنمۇ مەن بىراۋغا ياخشىلىق قىلسام ئايلىنىپ كېلىپ كىشىلەردىن ياخشىلىق كۆرىمەن، يامانلىق قىلساممۇ ھامان بىر كۈنى جاجامنى يەيمەن. بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرى ھامان ئۆزىگە يېنىپ



تۇرىدۇ. «تەدبىرىڭگە بېقىپ تەقدىرىڭ» دېگەندەك ئىشلار ئەتراپىمىزدا جىق. شۇڭا، بالام، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلساڭ قىلغىنىڭنى، ھەرگىزمۇ يامانلىق قىلغۇچى بولما. بىر ئىنساننىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرسەڭ، بۇ خىل ئازارلىق ئۇنىڭ قەلبىنى ئۇزۇن مۇددەتكىچە بىئارام قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى باشقىلارغا ئىشەنمەس قىلىۋېتىدۇ. سېنىڭ ئادەتتىكىچە يامانلىقىڭمۇ ئۇنىڭ كىشىلەرگە بولغان سەممىي، ئاق كۆڭۈل دوستلۇقىنى يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ كاززاپلىقىڭ تۈپەيلى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزۈڭ يالغۇز قېلىپ كىشىلەر بىلەن ئالاقىمۇ قىلالماسلىقىڭ مۇمكىن.

— بوۋا، سۆزلىرىڭىزنى چوقۇم يادىمدا تۇتىمەن! — دەپ ۋەدە بەردى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي يەنە بىر مەسەلنى ئېيتىشقا باشلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## خورازنىڭ خىيالى

خوراز قىغنىڭ ئارىسىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، بىر تال مەرۋايىت تېپىۋاپتۇ.

— مۇشۇمۇ نەرسىمۇ، — دەپتۇ ئۇ، — نېمىگە پايدىسى بار. ئادەملەر دېگەننىڭ ئەخمەق، بۇنى ئۆزلىرىچە ئەتىۋار نېمە قىلىشىۋالىدىكەن. مېنىڭچە بولسا، بۇنىڭ ئورنىغا بىر تال دان تېپىۋالغان بولسام قالتىس ئوبدان بولاتتى. دان مەرۋايىتتەك چىرايلىق بولمىسىمۇ قورساقنى ئارام ـ دە.

مۇھتەرەم بوۋاي بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ئەي بىلقۇتچان بالام! بۇ مەسىلىدىن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك مۇنداق ئىككى خىل خۇلاسىنى چىقىرىش مۇمكىن: بىرى، ئەگەر دە سەن مەلۇم بىر نەرسىنىڭ قىممىتىنى تونۇمىساڭ، ئۇ ساڭا نىسبەتەن قىلچە ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ. يەنى شۇ قەدەر مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك، ھەقىقەتەنمۇ قەدىرىنى بىلىدىغانلار بولمىسا غېرىبسىنىپ قالىدۇ ياكى قەدرىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ نەزىرىدە سەپسەتە سانىلىدۇ؛ يەنە بىرى، ئەگەر دە ھەر قانچە بىباھا قىممەتلىك نەرسە بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ماسلاشمايدىكەن، يەنىلا قەدىرسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: مەرۋايىت بىباھا

قىممەتلىك نەرسە، ئەمما خوراز ئۇچۇن ئەرزىمەس ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا لازىمى قورساق تويغۇزغىلى بولىدىغان دان. شېئىر ناھايىتىمۇ لىرىك، پاكىز تۇيغۇ. ئەمما قەبىھ، زالىم بىر جاللات ئۇچۇن ئۇ تېتىقسىز بىر نەرسە سانىلىشى مۇمكىن، ھەقىقەتەن ئۇنى تونۇيدىغان ۋە لازىم قىلىدىغانلارنىڭ قېشىدا قىممەتلىك. بىلىممۇ، بىلىملىك كىشىلەرمۇ دەل شۇنداق.

— چۈشەندىم، بوۋا!



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئىككى بۆجەن

بىر تاغ باغرىدا بىر جۈپ توشقان ياشايدىكەن. باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇلار بىر جۈپ پەرزەنت كۆرۈپتۇ.

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپتۇ. بۆجەنلەرمۇ تېز چوڭىيىشقا باشلاپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىكەنكى، ئۇلارغا ھېچ ئىشنى قىلدۇرمايدىكەن. ھەتتا ئىچىدىغان سۇيىدىن تارتىپ يەيدىغان ئوزۇقلىرىغىچە ھەممىنى ئۆزلىرى ئەكىلىپ بېرىدىكەن. بارا ـ بارا بۆجەنلەرمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ قېلىپ، ئويناشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن توشقانلار ئامالسىزلىقتىن بالىلىرىنى يېنىغا چاقىرىپتۇ.

— بالىلىرىم، — دەپتۇ ئۇلار، — قېرىپ ھالىمىزدىن كەتتۇق، سىلەرگە ئوزۇق تېپىپ بەرگۈدەك ماجالىمىز قالمىدى. ئەمدى بۇ ئىش ئۆزۈڭلارغا باغلىق بولۇپ قالدى.

بۆجەنلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ. قورساقنىڭ ئاچلىقى ئۇلارنى ئوزۇق ئىزدەشكە مەجبۇر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولغا چىقىپتۇ.

بۆجەنلەر تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىنى كۆزلەپ مېڭىپتۇ، ماڭا ـ ماڭا ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئاغرىپتۇ، قورسىقى ئېچىپ ھالى

قالماپتۇ. يېرىق كالپۇكلىرى تىنىمسىز تىترەپتۇ، لېكىن يېگۇدەك ھېچنەرسە تاپالماپتۇ.

ئەتراپ ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلىشىشقا باشلاپتۇ. ھالسىزلىنىپ ئاران - ئاران قەدەم بېسىۋاتقان بۆجەنلەر ئاتا - ئانىسىدىن ئاغرىنىپ، ئۆزلىرىنى ئەيىبلەپ دەرد تۆكۈشۈپتۇ:

— ھەي، — دەپتۇ بىرى ئۇھ تارتىپ، — ئاتا - ئانىمىز نېمىشقا بىزنى ئوزۇق تېپىشقا ئۆگەتمىدىكىن! كىچىكىمىزدىن تارتىپ بۇ ئىشقا كۆنگەن بولساق، ئاچ قالمىغان بولاتتۇق.

— ئۆزىمىزدىمۇ سەۋەنلىك بار. بۇ ئىشلارنى ئۆزلۈكىمىزدىن ئۆگەنسەكمۇ بولاتتى. مانا ئەمدى ئويۇنقېپىلىقنىڭ دەردىنى تازا تارتىدىغان بولدۇق، — دەپتۇ يەنە بىرى يىغلامسىراپ.

شۇنداق قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. بىچارە بۆجەنلەر تۈن قاراڭغۇسىدا ھېچ يەرنى پەرق ئېتەلمەي، ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ قىلىشىپتۇ...

بۆجەنلەرنىڭ ئوزۇق تېپىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان توشقانلار كەچ كىرگۈچە باللىرىنى كۈتۈپتۇ، بىراق ئۇلار ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىمۇ قايتىپ كەلمەپتۇ. توشقانلار ھەر قانچە ئىزدەپمۇ ئۇلارنى تاپالماپتۇ. شۇ چاغدىلا، توشقانلار ئۆز باللىرىنى ئەمگەك قىلىشقا ئۆگەتمىگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلىشىپتۇ.

— بوۋا، مېنىڭچە، بۆجەنلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئاغرىنىشى توغرا ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرى ئوزۇق تېپىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى بىلقۇتجان.

— سۆزۈڭ ھەر ھالدا توغرا، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — ئەمما بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالدى. باللارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئەتراپلىق، ئەمگەكنى سۆيىدىغان ۋە ياراملىق قىلىپ تەربىيەلەش ئاتا - ئانىنىڭ زىممىسىدىكى بۇرچتۇر. شۇڭا، بۇ يەردىكى سەۋەنلىك بۆجەنلەردىمۇ، بۆجەنلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىدىمۇ سادىر بولغان.

— لېكىن بوۋا، ئاتا - ئانا باللارغا مەڭگۈلۈك پاسىبان بولالمايدۇ - دە؟ — دېدى بىلقۇتجان تىرەجىپ.

— سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىپ قالما، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئاتا - ئانا بالىسىنى ياخشى تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈشى، ئۇلارنى تەربىيەلەپ يارامىلىق قىلىپ قاتارغا قوشۇشى كېرەك. قاتارغا قوشۇپ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، باللار ئاندىن خاتا يولغا مېڭىپ قالسا ياكى بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويسا، ئاندىن بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاتا - ئانىغا ئارتىلىپ قالمايدۇ.

— ئەمدى چۈشەندىم، بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان.

— ئەمدى لاپچى خورازنىڭ ۋەقەسىگە قۇلاق سال! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.

# لاپچى خوراز

خوراز هويلا تېمىغا سەكرەپ چىقىپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

— سەن ئاسماندىن هۇزۇرلىنىۋاتامسەن؟ — سوراپتۇ ئۆردەك.

— ئاسمان بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم؟ — دەپتۇ خوراز بېشىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ئاسمان تولىمۇ مەنىسىز نەرسىكەن، ئىمىر - چىمىر يۇلتۇزلار بىلەنلا تولغان، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىكەن، يەنە تېخى ئاشۇ كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىپ تۈگىمەيدۇ، بۇلار نېمىدېگەن مەنىسىز - هە...!

— مەن سېنىڭ بۇنچىۋالا كۆلكىلىك ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيدىكەنمەن! سېنىڭ ئويلىرىڭ بەكمۇ غەلىتە ئىكەن ! — دەپ يۇقىرى ئاۋازدا تووۋلاپتۇ ئۆردەك.

— مەن بىر جۈپ قانىتىمنى كېرىمەن، — دەپتۇ خوراز، ئاندىن مۇنداق جاكارلاپتۇ، — مەن ئۇچۇپ ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىمەن ۋە بارلىق يۇلتۇزلارغا جەڭ ئېلان قىلىمەن. گەرچە باشقىلار مېنى چۈشەنمىسىمۇ، ئەمما مەن ئۆزۈمدىن بەكمۇ پەخىرلىنىمەن، مەن دولقۇنلاپ تۇرغان كۆپكۆك دېڭىزغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەكرەپ، دېڭىزدا غايىب بولىمەن.

بۇ ۋاقىتتا خورازنىڭ بېشى قېيىپ تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويۇپ، تامدىن سۇ كۆلچىكىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— ۋايجان، چۆكۈپ كېتىدىغان بولدۇڭ، — دەپتۇ چۆچۈپ كەتكەن ئۆردەك.

— راست چۆكۈپ كېتىدىغان بولدۇم، — دەپتۇ خوراز بەك ھالسىزلانغان ھالدا، — مېنى تېز كېلىپ قۇتقۇزۇۋال.

ئۆردەك ئۇنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. خورازنىڭ قورسىقى بەك ئاچقاچقا، يەردە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان بىر سازاڭ قۇرتنى تۇتۇپ يۇتۇۋېتىپتۇ.

ئەسلىدە ئۇ بارلىق خورازلارغا ئوخشاشلا ئىكەن.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرماي، يەنە بىر مەسىلىنى ئېيتىشقا باشلىدى.



# جاۋاب

بىر كۈنى، بىر چۈجە خورازغا چاپلىشىۋېلىپ توختىماي سوئال سوراشقا باشلاپتۇ:

— نېمە ئۈچۈن لەپلەكنىڭ ئۇزۇن تۇمشۇقى ھەم ئۇزۇن پۇتى بار، بىراق مېنىڭ نېمانچە قىسقا؟

— نېرى تۇر!

— نېمىشقا توشقاننىڭ قۇلاقلىرى، ئۇزۇن، ئەمما مېنىڭ يوق؟

— تولا كۆزۈمگە كىرىۋالما.

— نېمىشقا ئاسلاننىڭ شۇنچە چىرايلىق تۈكى بار، ئەكسىچە ماڭا مۇشۇنداق ئادەمنى بىزار قىلىدىغان سېرىق تۈكلەر ئۆسكەن؟

— ماڭا چاپلىشىۋالما!

— نېمىشقا كۈچۈك قۇيرۇقنى شىپاڭلىتالايدۇ، مىنىڭدە قۇيرۇق يوق؟

— ئاغزىڭنى يۇم!

— نېمىشقا ئوغلاقنىڭ مۈڭگۈزى بار، مېنىڭ يوق، سەترەك مۈڭگۈز ئۆسكەن بولسىمۇ مەيلىتى!

— بولدى قىل، يوقال ! — دەپ خوراز قاتتىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئاچچىقلاپتۇ.

— دائىملا يوقال، يوقال دەيدىكەنسەن! نېمىشقا باشقا چوڭلارنىڭ ھەممىسى كىچىك بالىلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ، ئەمما سەن ئۇنداق قىلمايسەن؟ — چۈجە قاتتىق يىغلاپتۇ.

خوراز ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— چۈنكى سەن سوئال سورىمايۋاتىسەن، بەلكى بارلىق جانلىقلارغا ھەسەت قىلىۋاتىسەن.

خورازنىڭ ئېيتقىنى ھەقىقەتەن توغرا ئىدى.

مەسەل ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۆھتەرەم بوۋاي:

— خوراز نېمىشقا چۈجىسىنى باشقىلارغا ھەسەت قىلىۋاتىسەن، دەپ ئەيىبلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى بىلقۇتجاندىن.

— چۈنكى، ئۇ ھەممە نەرسىسىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن بولۇشىنى خالىمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى بىلقۇتجان.

— مانا بۇ سېپى ئۆزىدىن ھەسەتخورلۇق، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — شۇنى بىلگىنكى، ھەسەت بىر كىشىنىڭ خەيرلىك بىرەر ئىشى ياكى ئۆيى، مال - مۈلكى، ئىلمى بولسا، ئۇ كىشىدىن بۇ نەرسىلەرنىڭ يوق بولۇشىنى، ئۇنىڭدا بولماي، ئۆزىدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش خاھىشىدۇر. بىر كىشى قارشىسىدىكى كىشىنىڭ كىبىرلىشىپ قالغانلىقىغا قاراپلا ھەسەت قىلمايدۇ، بەلكى، ئارىلىرىدا دۈشمەنلىك ۋە رىقابەت پەيدا بولغاندا ھەسەت پەيدا بولىدۇ. بۇلار پات - پات

توقۇنۇشۇپ قالىدۇ، بىرى يەنە بىرىنىڭ پىكرىنى قوللىمسا، يەنە بىرى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ، ئاندىن دۈشمەنلىك قىلىش يولىنى تۇتىدۇ. ئالىم ئالىمغا ھەسەت قىلىدۇ، ئەمما ھېچقاچان بىر تەقۋادارغا ھەسەت قىلىپ يۈرمەيدۇ. مۇشۇ شەكىلدە تىجارەتچى تىجارەتچىگە، يازغۇچى يازغۇچىغا، ھەسەت قىلىدۇ. قىسقىسى، ھەر كىشى ئۆز مەسلىكىدىكى كىشىگە ھەسەت قىلىدۇ. ھەسەتخورلار ھەر دائىم ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەت ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ھەر قانچە مال ۋە بايلىققا ئىگە بولسىمۇ، ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلى پاراغەت ۋە راھەت يۈزىنى كۆرەلمەستىن دۇنيادىن كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خوراز ئۆز چۈجىسىنىڭ قەلبىدە پەيدا بولۇۋاتقان ھەسەت ئۇچقۇنلىرىنى پەسەيتىش مەقسىتىدە ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. بۇنداق قىلىش ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

— چۈشەندىم، بوۋا! — دېدى بىلقوتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي تۈلكە بىلەن ئۆچكىنىڭ ۋەقەسى تەسۋىرلەنگەن مەسەلنى باشلىۋەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى uyghurkitap.com



# تۈلكە بىلەن ئۆچكە

تۈلكە قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ، چىقالماي ئامالسىزلىقتىن شۇ يەردە تۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. بىر ئۆچكە ئۇسساپ كېتىپ قۇدۇق بويىغا كېلىپ تۈلكىنى كۆرۈپ قۇدۇق سۈيىنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىنى سوراپ باقماقچى بوپتۇ. تۈلكە بۇنداق ياخشى پۇرسەتكە يولۇققانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ھەمدە پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇدۇق سۈيىنىڭ قانچىلىك ياخشى، قانچىلىك تەملىك ئىكەنلىكىنى ماختاپ ئۆچكىنى تېزرەك قۇدۇققا چۈشۈشكە دەۋەت قىپتۇ. ئۆچكە سۇ ئىچىشنىلا ئويلاپ باشقىنى ئويلىمايلا سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۇسسۇزلۇقنى بېسىپ تۈلكە بىلەن بىرلىكتە ئامال تېپىپ ئۈستىگە چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا تۈلكە ئۇنىڭ ئامالى بارلىقىنى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ:

— ئەگەر سەن خالىساڭ، پۇتلىرىڭ بىلەن قۇدۇق دىۋارىغا ئېسىلىپ مۈڭگۈزۈڭنى تەكشى قىلىپ تۇرساڭ، مەن سېنىڭ دۈمبەڭگە دەسسەپ سەكرەپ چىقىپ كېتىپ، ئاندىن سېنى تارتىپ چىقىرىمەن.

تۈلكىنىڭ قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلىشى بىلەن ئۆچكە قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈلكە ئۆچكىنىڭ ئارقا پۇتىغا

دەسسەپ دۇمبىسىگە سەكرەپ چىقىپ، ئۇ يەردىن يەنە ئۇنىڭ مۇڭگۈزىگە سەكرەپ چىقىپتۇ، ئاندىن قۇدۇقنىڭ ئېغىزىغا ئۆمىلەپ كېلىپ سەكرەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇستىگە چىقىۋالغاندىن كېيىنلا كېتىپ قاپتۇ. ئۆچكە تۈلكىنىڭ گېپىدە تۇرمىغانلىقىنى ئەيىبلەپتۇ، بىراق تۈلكە قايتىپ كېلىپ:

— دوستۇم، ئەگەر سېنىڭ ئەقلىڭ ساقاللىڭدەك كەم-كوتىسىز بولىدىغان بولسا، سەن بايا چىقىش يولىنى ئالدى بىلەن ياخشى ئويلىمايلا سەكرەپ چۈشمەيتتىڭ، — دەپتۇ.

شۇڭلاشقا، ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئىشتىن بۇرۇن ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېنىق كۆرۈپ، ئاندىن شۇ ئىشنى قىلىشى كېرەك.

بۇ مەسەلنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى ئېنىق بولغاچقا، بىلقۇتقان بوۋىسىنى يەنە بىر مەسەل ئېيتىپ بېرىشكە دەۋەت قىلدى.



www.uyghurkitap.com



# قارچىغا بىلەن تۈلكە

قارچىغا بىلەن تۈلكە دوست بولۇپ ئۆتۈشكە قەسەم قىلىشىپتۇ ۋە بىللە تۇرۇشنى قارار قىپتۇ، بۇنداق دوستلۇق تېخىمۇ مۇستەھكەم بولىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارچىغا بىر چوڭ دەرەخ ئۈستىدە تۇخۇم بېسىپ باچكا چىقىرىپتۇ، تۈلكە دەرەخ ئاستىدىكى چاتقاللىقتا كۈچۈكلىرىنى بېقىپتۇ، بىر كۈنى تۈلكە ئوزۇق ئىزدەپ چىقىپ كەتكەندە يېمەكلىك تاپالمىغان قارچىغا چاتقاللىققا ئۇچۇپ بېرىپ تۈلكە كۈچۈكلىرىنى تۇتۇپ كېتىپ باچكىلىرى بىلەن بىللە راسا بىر ۋاق تويغۇدەك تاماق يەپتۇ. تۈلكە قايتىپ كېلىپ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپتۇ ۋە كۈچۈكلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىدىن كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ. ئىنتىقام ئالالمايدىغانلىقىدىن تېخىمۇ ئازابلىنىپتۇ، چۈنكى ئۇ بىر ئۇچالمايدىغان هايۋان، ئۇچار قاناتلارنى قوغلاپ تۇتالمايدۇ ـ دە.

ئۇ ئامالسىز يىراقتا تۇرۇپ دۈشمەننى تىللاپتۇ. ئاجىزلارنىڭ قولىدىن پەقەت مۇشۇنداق قىلىشلا كېلىدۇ، خالاس.

قارچىغىنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى پېشكەللىككە يولۇقتۇرۇپتۇ. بىر قېتىم بىر ئادەم دالىدا قوي ئۆلتۈرۈپ ئىلاھقا نەزىر بەرگەن ئىكەن. قارچىغا ئۇچۇپ كېلىپ پىشۋاتقان

بىر پارچە ھېسىپنى قامالىلىغىنىچە ئۇۋۇسىغا قايتىپ كەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بوران چىقىپ قۇرۇپ قالغان دەرەخ شاخلىرىدىن ياسالغان ئۇۋا شىددەت بىلەن كۆيۈشكە باشلاپتۇ. تۆكلىرى تولۇق چىقىپ بولالمىغان قارچىغا باچكىلىرى كۆيۈپ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، تۈلكە يۈگۈرۈپ كېلىپ قارچىغىنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۇنىڭ باچكىلىرىنى يەۋېتىپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇ مەسەلنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— جېنىم بالام، بۇ مەسەل شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ۋاپاسىز ئادەملەر گەرچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىنتىقامىدىن قېچىپ كېتەلىسىمۇ، تەقدىرنىڭ جازاسىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ھايات ھەقىقىتىنى چوقۇم ئەستە ساقلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ماقۇل، بوۋا!



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ياۋا توشقان، سوپسوپىياڭ ۋە مولۇن

بىر كەكلىك ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرى بويىچە مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى:

خېلى بۇرۇن زامانلار ئىلگىرى مېنىڭ چاڭگامنىڭ قېشىدىكى بىر دەرەختە سوپسوپىياڭ ئۇۋا تۇتقانىدى. ئۇ دائىم مەن بىللە دان ئىزدەپ چىقاتتى. كېيىن نېمە بولدى خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنى كۆرمىدىم.

كېيىن بىر ياۋا توشقان كېلىپ سوپسوپىياڭنىڭ ئۇۋىسىغا ماكانلاشتى. مېنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن سوپسوپىياڭ قايتىپ كېلىپ ئۇۋىسىغا كىرىۋالغان توشقاننى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا:

— ھەي، ئورنۇڭدىن تۇر، ماكانىمنى بوشىتىپ بەر! — دەپ پەرياد قىلدى.

— بۇ مېنىڭ ئۇۋام، — دېدى توشقان، — بۇ ئۇۋىنى مېنىڭ دەيدىغانغا ئىسپاتىڭ بارمۇ؟ مەندىن ئالماقچى بولساڭ قېنى مەن بىلەن ئېلىشىپ باق!

— بىزنىڭ ئىشىمىزنى قازى ئايرىپ قويسۇن! — دېدى سوپسوپىياڭ.

— قازى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى توشقان.

— دەريا بويىدا تەقۋادار بىر مولۇن بار، كۈندۈزى روزى تۇتۇپ، كېچىسى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇچار قانات جان - جانىۋارلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. سۇ ۋە گىياھتىن ئۆزگە نەرسە بىلەن ئېپتار قىلمايدۇ. ئەگەر خالىساڭ، ئۇ ئىشىمىزنى رازى بولغۇدەك ئايرىپ قويسۇن، — دېدى سوپىسوپىياڭ.

— ئۇنداقتا، شۇنىڭ قېشىغا بارايلى، — دېدى ياۋا توشقان. مەن ئىككىسىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

مولۇن ئۇلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ناھايىتى ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسىتىپ ئىككىسىگە سالام قىلدى.

ياۋا توشقان بىلەن سوپىسوپىياڭ بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران بولدى ۋە ئۇنىڭ قېشىغا ئېھتىيات بىلەن يېقىنلاشتى. ئۇنىڭغا سالام قىلىپ، ئادىل ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

مولۇن ئىككىسىدىن ئەھۋالنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئىككىسى ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، مولۇن ئىككىسىگە:

— مەن ياشىنىپ قالدىم، قۇلىقىم ئېغىرراق، ماڭا يېقىنراق كېلىپ سۆزلەڭلار، — دېدى.

ئىككىسى مولۇنغا يېقىن كېلىپ، تالاش - تارتىشنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى.

— ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى چۈشەندىم، كېسىم قىلىشتىن بۇرۇن مېنىڭ نەسىھەتىمگە قۇلاق سېلىڭلار. مەن سىلەرنى تەڭرىدىن قورقۇشقا، ھەق - ئادالەتكە بويرۇيمەن. ھەقتىن

قاچقانلار گۇناھقا پاتقۇسى. بۇ دۇنيادىكى كىشىگە مەنسۇپ نەرسە ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى ياكى دوست ـ بۇرادەرلىرى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قىلغان ئەمىلىدۇر. دانالار ھەر ئىككى دۇنيادا ئۆزگە نەپ ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئىزدەيدۇ، دۇنيا ئىشلىرىدىن قولىنى تارتىدۇ. دانالار نەزىرىدە پۇل ـ پۇچەك توپىغا ئوخشاش قەدىرسىز. ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامىنى بولغىنىدەك...

مولۇن شۇنداق دەپ شېرىن ئەپسانىلەرنى ئوقۇپ ئۇلارنىڭ دىلىنى باغلىۋەتتى. بىر پەس گەپ سېتىپ ئىككىسىنى تەسىرلەندۇرۇپ ئۆزگە ئىشەندۇرۇۋەتتى، ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ قېشىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قېلىشتى. شۇ چاغدا مولۇن بىرلا سەكرەپ ئىككىسىنى باسماقداپ تۇتۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ سوپىسوپىياڭ ۋە ياۋا توشقانلار مولۇننىڭ قولىدا جان بەردى.

— بوۋا، دېمەك، ھەرقانداق خەۋپلىك ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئېھتىيات قىلىش، مۇداپىئەسىز ئىش قىلماسلىق كېرەك ئىكەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى بىلقۇتجان.

— شۇنداق، جېنىم بالام! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — مولۇن سوپىسوپىياڭ بىلەن توشقاننىڭ ھەر ئىككىلىسىگە دۈشمەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە دەۋا ئىشىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە ئۇنىڭ ياغلىما سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كەتتى، ئاخىردا ئۇلار مولۇننىڭ مەززىلىك غىزاسىغا ئايلىنىپ كەتتى. كۈندىلىك

تۇرمۇشتىمۇ، بەزى كىشىلەر بىپەرۋالىقى سەۋەبلىك، بىلىپ ـ بىلمەي ئۆز كۈشەندىلىرىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىدۇ ـ دە، ناھايىتى زور زىيان تارتىدۇ ۋە خانىۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىشتىن چوقۇم ئىبرەت ئېلىش كېرەك.

بىلقۇتجان باش لىڭشىتتى.

ــ سېنىڭ يەنە قىزىقارلىق مەسەللەردىن ئاڭلىغۇڭ يوقمۇ؟ ــ دەپ سورىدى مۆھتەرەم بوۋاي.

ــ ئوتتەك ئاڭلىغۇم بار! ــ دېدى بىلقۇتجان.

ــ ئۇنداق بولسا، چىشى چاشقاننىڭ ئەر تاللىشىغا قۇلاق سال.



# چىشى چاشقاننىڭ ئەر تاللىشى

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا تەقۋادار بىر سوپى ئۆتكەنىكەن.

بىر كۈنى سوپى دەريا بويىدا ئولتۇرسا بىر سا ئاغزىدا چاشقان بالىسىنى چىشلىگىنىچە ئۇچۇپ كېلىپ قاپتۇ. نەق شۇ جايغا كەلگەندە چاشقان بالىسى سانىڭ قولىدىن ئاجراپ سوپىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ.

سوپىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ، ئاۋايلاپ قەغەزگە ئوراپ ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ. كۆڭلىدە ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ دېگەن ئەندىشە بىلەن خۇدادىن ئۇنى بىر قىزغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى تىلىگەنىكەن، چاشقان بالىسى غۇنچە بوي ساھىبجامال بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئاندىن سوپى ئۇنى خوتۇنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ:

— ئۇنىڭغا ئۆز پەرزەنتىڭدەك تەربىيەت قىل! — دەپ تاپىلاپتۇ.

قىز تېزلا بويىغا يېتىپتۇ. بىر كۈنى سوپى ئۇنىڭغا:

— ئەي پەرزەنت، بويۇڭغا يېتىپسەن، سېنى بىرسىگە ياتلىق قىلماي ئامال يوق، «ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلەيدىغان، قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىدىغان» گەپ. قېنى ئېيتقىن، كىمنى ئىختىيار قىلساڭ سېنى شۇنىڭغا بېرەي، — دەپتۇ.

— مەن قۇدرەتلىك، شانۇ - شاۋكەتلىك ئەرنى خالايمەن، — دەپتۇ قىز.

— ئۇنداق سۈپەتلىك ئەر ئاپتاپتۇر، — دەپتۇ سوپى.

— ئەي، ئاپتاپ، — دەپتۇ سوپى، — قىزىم كۈچلۈك كۆيۈئوغۇل تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا سېنىڭ نىكاھىڭدا بولسۇن، — دەپتۇ ئاپتاپقا.

— مەن ساڭا ئۆزۈمدىنمۇ كۈچلۈكرەكنى كۆرسىتەي، ئۇ بۇلىمۇ بۇلۇت، چۈنكى ئۇ ھەر قاچان مېنى توسالايدۇ، — دەپتۇ ئاپتاپ.

سوپى بۇلۇتنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا بايىقى ئىلتىماسنى سۆزلەپتۇ. بۇلۇت ئۈيلىپ:

— ئەگەر مېنى كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك دەپ ئىختىيار قىلىدىغان بولساڭ بوران مەندىنمۇ كۈچلۈك، چۈنكى ئۇ مېنى قاياققا خالىسا شۇ ياققا سۈرۈپ يۈرىدۇ، — دەپتۇ.

سوپى بۇ سۆزگە ئىشىنىپ بوراننىڭ قېشىغا بېرىپ بايىقى ئىلتىماسنى ئىزھار قىپتۇ. بورانمۇ ئىزا تارتىپ:

— مەن ساڭا ئۆزۈمدىنمۇ كۈچلۈكرەكنى كۆرسىتەي، ئۇ بولىمۇ تاغ. چۈنكى، مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان زورلۇقلىرىم چۈمۈلىنىڭ پىلغا مۇشت ئاتقىنىغا ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

سوپى تاغنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغىمۇ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ، تاغ:

— چاشقان مەندىن غالىبتۇر. ئۇ مېنىڭ ھەممە يېرىمنى ئۆتمۈتۆشۈك قىلىۋېتىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچ چارە قىلالماسمەن، —

دەپتۇ.

سوپى چاشقاننىڭ قېشىغا بېرىپ:

— بۇ قىزنى ئەمرىڭگە ئالغىن، — دەپتۇ.

— ئۇۋام شۇنچىلىك كىچىك ۋە تار تۇرسا ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ ئۆي تۇتاي؟ يەنە كېلىپ ئۇ چىشى چاشقان بولمىسا بولمايدۇ، — دەپتۇ چاشقان.

سوپى خۇدادىن قىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى سوراپ دۇئا قىلغانىكەن. تىلىكى ئىجابەت بولۇپ چىرايلىق قىز بىر دومىلاپلا چىشى چاشقانغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نىكاھ ئوقۇتۇلۇپ ئىككىسىنىڭ تويى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ مەسەلنى ئاڭلاپ ئۇچىيى ئۈزۈلگىچە كۈلۈپ كەتتى. ئۇ كۈلكىسىنى تەستە بېسىۋېلىپ:

— بوۋا، چاشقان ئايلىنىپ بېرىپ يەنە ئۆز ئەسلىگە كېلىپ قالدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ دۇنيا سەۋەب ئالىمى، ھەرقانداق نەرسە بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. بۇ مەسەل بىزنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشىمىزگە زور دەرىجىدە ياردەم بېرىدۇ.

— ئەمدى يەنە بىر مەسەل ئېيتىپ بېرىڭە بوۋا! — دەپ جىدەل قىلدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي گېلىنى قىرىپ، ئاۋازىنى سازلىۋالغاندىن كېيىن، مەسەل ئېيتىشقا باشلىدى.

# بوغما يىلان بىلەن پاقا پادىشاھى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر بوغما يىلان بولغانىكەن، ئۇ قېرىپ ئاجىزلىشىپ، ئەزالىرىدا ماغدۇر قالماي، ناتىۋان بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، شىكار قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كەپتۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇن پاقىلار بار ئىكەن. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ بۇ يەردە نۇرغۇن پاقا تۇتقانىكەن. ئۇ قايغۇلۇق، مىسكىن قىياپەتتە پاقىلارغا يېقىنلاپتۇ.

— ھەي غېرىب، نېمىشقا بۇنداق غەمدە قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بىر پاقا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— بۇ كۈنلەردە مەندىنمۇ غەمكىنرەك يەنە كىم بولسۇن؟ بۇرۇن كۈنۈم پاقا تۇتۇش بىلەن ئۆتەتتى. ئەمما، ماڭا بىر ۋەقە توغرا كېلىپ قېلىپ پاقا ئوۋلاپ يېيىش ماڭا ھارام بولدى، مانا ئەمدى تۇتۇپ يەي دېسەممۇ يېيەلمەيمەن، — دەپتۇ بوغما يىلان.

بۇنى ئاڭلىغان پاقا ئۆز ىنىڭ پادىشاھىغا بۇ ھالنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپتىن ئەجەبلىنىپ بوغما يىلاننىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ساڭا نېمە سەۋەبتىن شۇنداق ھادىسە كەلدى؟ — دەپ

سوراپتۇ.

— بىر قانچە كۈن بۇرۇنقى كەچقۇرۇنلۇقى بىر پاقىغا قەست قىلغانىدىم، ئۇ قېچىپ بېرىپ بىر زاھىتنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالدى، مەن ئۇنى قوغلاپ شۇ يەرگە كىردىم. ئۆي قاراڭغۇ ئىكەن، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. زاھىتنىڭ ئوغلى ئۇخلاۋاتقانىكەن، قاراڭغۇدا ئۇنىڭ بىر تال بارمىقىغا تېگىپ كەتتىم، ئۇنى پاقىنىڭ بېشى ئوخشايدۇ دەپ چىشلىگەنىدىم. ئوغلى ئۆلۈپ قالدى. زاھىت ئوغلىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلىپ مېنى قوغلىدى. مەن تالاغا قاچتىم. زاھىت ماڭا يېتىشەلمەي مېنى «خار - زەبۇن بولۇپ پاقىلار پادىشاھىنىڭ مىنىدىغان ئۇلىغى بولۇپ كەت، پاقىلار پادىشاھى ئۆز رازىلىقىنى بەرمىسە، بىرمۇ پاقا يېيەلمەيسەن» دەپ قارغىدى. شۇڭا، مۇشۇ يەرگە كەلدىم. مېنى خالىغانچە مىنىپ ھۇزۇر سۈرگەيسەن، — دەپتۇ.

بوغما يىلاننىڭ بۇ گېپى پاقا پادىشاھىغا يېقىپ قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئات قىلىۋاپتۇ. پادىشاھ ھەر قېتىم ئۇنى مىنگەندە باشقىلار ئالدىدا ئېيتىپ بولغۇسىز خارلىق ھېس قىپتۇ.

بوغما يىلان پاقىلار پادىشاھىغا:

— مەن پاقا تۇتۇشتىن مەھرۇم قىلىنغان. پادىشاھتىن زەئىپ ئۆمرۈمنىڭ مادارى ئۈچۈن غىزا تىلەيمەن، — دېگەنىكەن، پادىشاھ:

— سەن دېگەن مېنىڭ ئېتىم، ئات بوغۇز يېمىسە بولمايدۇ. شۇڭا، ۋەزىپەڭ ئۈچۈن ئىككى پاقا بۇيرۇدۇم، — دەپ ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئىككى پاقا بۇيرۇپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن بېرى بوغما يىلان ھەر كۈنى ۋەزىپە بىلەن كۈن كەچۈرۈپتۇ، ئۇ مەنپەئەت كۆرگەنلىكى ئۈچۈن پاقىغا ئېگىلىشنى نومۇس كۆرمەپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي بوغما يىلاننىڭ كەچۈرمىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەتراپىمىزدا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان چاغدا باشقىلارنى ھەرگىز كۆزگە ئىلمايدۇ، ئەمما قېرىپ ھالىدىن كەتكەن چاغدا بولسا، ئۆزى ئىلگىرى خار كۆرگەنلەر ئالدىدا خارلىنىشنى نومۇس دەپ بىلمەيدۇ. بوغما يىلاننىڭ كەچۈرمىشى بىزگە مانا مۇشۇنداق پەسكەشلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

بىلقۇتجان بېشىنى لىڭشىتتى. مۆھتەرەم بوۋاي يەنە بىر مەسەلنى باشلىۋەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# شىر، تۈلكە ۋە ئېشەك

بىر جاڭگالغا پادىشاھ بولغان شىر قوتۇر بولۇپ قېلىپ، پۈتۈن بەدىنى ناھايىتى قىچىشىپ ھېچ ئەزاسىدا ماغدۇر قالماپتۇ ھەمدە تۈكى چۈشۈپ، ھالى خاراب بولۇپ قالغاچقا ئوۋغا چىقالماپتۇ. ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر تۈلكە بار بولۇپ، ھەمىشە ئۇنىڭ مەرھەمەت داستىخىنىدىن ئوزۇق پارچىلىرىنى تېرىپ يەپ، شۇنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ھايات كەچۈرىدىكەن. شىر شىكارنى تاشلىغاندىن كېيىن تۈلكە تەڭلىك ۋە ئاچلىقتا قېلىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ قورسىقى ناھايىتى ئېچىپ كېتىپ، شىرغا مالامەت قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھىم، ساقسىزلىقلىرىنىڭ ئەندىشىسى بۇ ئورمانلىقتىكى جانىۋارلارنى مالال قىلدى، زەئىپلىكلىرىنىڭ ئەسىرى ھەممە مۇلازىملار ۋە بارلىق پۇقرالارغا يەتتى. نېمىشقىمۇ بۇ ئىللەتكە بىرەر ئىلاج قىلىشنى، دىلنى غەش قىلىدىغان بۇ كېسەللىككە داۋا قىلىشنى ئويلىمايدىغانلا!

— ھەي، تۈلكە! نەچچە ۋاقىتتىن بېرى غەم - غۇسسىدىن قان يۇتۇۋاتىمەن، زەئىپلىكتىن تېنىمدە بىر تالمۇ موي قالمىدى، بۇ مەرەزنىڭ قانداق ئىلاجىنى قىلسام بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن بىر تېۋىپ: «بۇنىڭغا

ئېشەكنىڭ قولىقى ۋە يۈرىكى داۋا بولىدۇ. شۇنى تېپىپ يېيىش كېرەك. ئۇنىڭدىن بۆلەك دورا شىپا بولمايدۇ» دېگەنىدى. مەن شۇنىڭدىن بېرى «ئۇ نەرسىنى قانداق ھىيلە بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولار» دېگەن ئەندىشىگە چۈشتۈم.

— ئەگەر پەرمان قىلسىلا، مەن خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، — دەپتۇ تۈلكە.

— قانداق خىياللارنى قىلىپ ھىيلە دەپتىرىدىن قايسى مىكىرنى ئوقۇدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ تۈلكە، — خاتىرەمگە شۇ كەلدىكى، سىلى ئوچۇن بۇ ئورمانلىقتىن چىقىپ كېتىش ياخشى ئەمەس، چۈنكى بەدەنلىرىنىڭ مويى تۆكۈلۈپ يالىڭاچ بولۇپ قاپتىلا، بۇ چىراي بىلەن خالايىققا كۆرۈنسىلە، شەۋكەت ۋە ھەيۋەتلىرىگە نۇقسان ۋە زىيان يېتىدۇ. مەسلىھەتىم شۇكى، سىلى تەلەپ قىلغان نەرسىنى مەن بۇ يەرگە كەلتۈرەي، سىلى ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ، قايسى ئەزاسىنى خالىسىلا شۇنى يەۋەرسىلە.

— ئۇنى قەيەردىن كەلتۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— بۇ يېقىن ئارىدا بىر بۇلاق بار، — دەپتۇ تۈلكە، — ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيى خۇددى ئۇلۇغ دېڭىزنىڭ سۈيىدەك ئەلۋەك، شېرىنلىقى ۋە لاتاپىتى خۇددى ئابىھاياتقا ئوخشاش. بىر شۇشتىگەر ھەر كۈنى بىر ئېشەككە كىيىم - كېچەكلەرنى ئارتىپ، شۇ بۇلاقتا يۇغىلى ئېلىپ كېلىدۇ. ئېشەك قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئاشۇ بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا ئوتلايدۇ. ئۇنى ئالداپ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئورمانلىقتا ئېلىپ كەلسەم ئەجەب ئەمەس. ئەمما، پادىشاھىم شۇنى ئەسلىرىدە چىڭ تۇتۇپ ۋەدە بەرسىلە، ئۇنىڭ قولىقى بىلەن يۇرىكىنىلا يەپ، قالغان ئەزالىرىنى باشقا مۇلازىملارغا سەدىقە قىلغايلا!

شىر «پەقەت ئاشۇ ئىككى نەرسىنىلا يەپ، قالغان يېرىنى خۇدا يولىدا تەسەددۇق قىلىۋېتىش» ئۇچۇن ۋەدە بېرىپتۇ. تۈلكە مول نازۇ نېمەتلەرنىڭ ھاسىل بولۇشىنى كۆزلەپ، خۇشال - خۇراملىق بىلەن بۇلاق تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ. ئۇ ئېشەكنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئۇنىڭغا تەزىم ۋە ئىززەت - ئىكراملارنى قىلىپ، ئېشەككە قانچە يېقىنلاشقانسېرى مۇلايىملىق بىلەن تەزىملىرىنى شۇنچە ئاشۇرۇپتۇ ھەم قېشىغا يېقىن كېلىپ يۇمشاق سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ:

— ھەي بۇرادەر، نېمىشقا بۇنداق ئورۇقلاپ، ئاجىزلىشىپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە.

— بۇ شۇستىگەر ھەمىشە مېنى ئىشلىتىدۇ، لېكىن ھالىمغا پەرۋا قىلمايدۇ. ھەلەپ غېمىدە ئورۇقلاپ كەتتىم. بوغۇز دېگەن نەرسىنىغۇ ماڭا راۋا كۆرمەيدۇ، ئۆمرۈمنىڭ خامىنىنى ئۇنىڭ ھاۋاسىغا سورىغان بولساممۇ، ماڭا بىر تۇتام سامانمۇ بەرمەيدۇ ئەمەسمۇ.

— ھەي بىچارە، — دەپتۇ تۈلكە، — ماڭدىغان پۇتۇڭ، تەۋرىگۈدەك قۇدرىتىڭ بار ئىكەنغۇ ئەنە، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا بۇ مېھنەتنى ئىختىيار قىلدىڭ ۋە بۇنداق بالاغا مۇپتىلا بولدۇڭ؟

— مەن يوك كۆتۈرۈش بىلەن مەشھۇرمەن، — دەپتۇ ئېشەك، — شۇڭا مەن ھەر يەرگە بارسام ماڭا مۇشەققەت يۈكىدىن خالاسلىق بولمايدۇ. يالغۇز مەنلا ئەمەس، بىزنىڭ جىنسىمىزنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىنىڭ ھەممىسى بۇ مېھنەت يۈكىدىن خالىي ئەمەس. مەن كۆپ ئويلاپ ئاخىر: «ھەر يەردە بولسامۇ بەربىر جاپادىن خالىي بولالمايدىكەنمەن، شۇڭا يېنىكلىك يۈكنى كۆتۈرۈپ ھەر تەرەپتە يۈرمەي، بىر كىشىنىڭ ئىشىكىدە يۈرگىنىم ئەلا» دەپ ئۆزۈمنى توختاتتىم.

— خاتا قىپسەن، — دەپتۇ تۈلكە، — ئۆز ماكانىم مۇشۇ دەپلا جاپا - مېھنەتتە ئۆتۈش ياخشىمىكەن؟ زېمىن شۇنچە كەڭرىچىلىك تۇرسا، ھەممە يەردە سەيلە قىلىپ يۈرۈشنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟

— بۇ يەردىن ئۇ يەرگە بارسامۇ يەنە شۇ نېسىۋىدىن ئارتۇق تېپىلمايدۇ، — دەپتۇ ئېشەك، — سەپەر مۇشەققىتىنى يېھۇدە چېكىش ئەقىل ئىشىدىن يىراقتۇر.

— بۇ سۆزۈڭ تەۋەككۇل مەرتىۋىسىگە لايىق سۆز بولدى، — دەپتۇ تۈلكە، — ئەمما بۇ مۇقامغا ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. تەڭرىنىڭ ئادىتى شۇنداق جارى بوپتۇكى، ھەر كىشىگە بىر سەۋەب بىلەن رىزىق ئاتا قىلىدۇ. ھەر كىمگە ھەرىكەت ئارقىلىق مۇرادىنى ھاسىل قىلىدۇ. «كەسىپ قىل، كاسىپ خۇدانىڭ دوستىدۇر» دېگەن سۆز بارغۇ؟ ئەگەر ئۇنىساڭ، سېنى بىر ئورمانزارلىققا باشلاپ باراي، ئۇ يەرنىڭ يۈزى جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ دۇكىنىنىڭ يۈزىدەك رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن شۇنداق چىرايلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بېزەلگەن، هاۋاسى ئەتتارلارنىڭ ساندۇقىنىڭ ئىچىدەك تۈرلۈك خۇش پۇراقلار بىلەن خۇشبۇي بولغان بىر جاي. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بىر ئېشەكنى مۇشۇنداق نەسىھەتلەر بىلەن ئاشۇنداق جەننەتكە ئوخشايدىغان يايلاققا ئاپىرىپ قويغانىدىم. ھېلىغىچە پاراغەت كۈرسىسىدا ئولتۇرۇپ خاتىرجەم ھالدا ئوتلاپ، سالامەتلىك بېغىدا ياخشى سەمرىپ يۈرىدۇ.

ئىشقىلىپ، تۈلكە ئەپسۇن يېلىنى دەم قىلىپ ئەپسانە ئوتىنى شۇنداق ياندۇرۇپتۇكى، ئاقىۋەت مىكىر نېنىنى ھىيلە تونۇرىدا پىشۇرۇپتۇ. خام تەمە ئېشەكنىڭ ئۇ يەرگە بېرىش ھەۋىسى جۇش ئۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

ــ سېنىڭ سۆزۈڭ ھەقىقىي دوستلۇق ۋە شەپقەتتىن ئېيتىلىۋاتىدۇ. سەندىن يۈز ئۆرۈش ۋە تولۇق مېھىر - مۇھەببەتنى يادلىتىدىغان پەرمانىڭدىن بويۇن تولغاش جايىز ۋە راۋا ئەمەس. ھەر قانداق پەرمان بەرسەڭ جان دەپ قوبۇل قىلىمەن.

شۇنداق قىلىپ تۈلكە ئېشەكنى ئورمانلىققا باشلاپ كەپتۇ. شىر ئاچلىقنىڭ چېكىگە يەتكەچكە چاچراپ قوپۇپ ئېشەككە ئېتىلىپتۇ، لېكىن تېنى ئاجىز، كېسەل بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەپتۇ. ئېشەك ئۆز جايىغا قېچىپ كېتىپتۇ. تۈلكە شىرغا مالامەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

ــ ئالدىراقسانلىقتىن سىلىگە نېمە پايدا كەلدى، پادىشاھىم؟ ئۆزلىرىنى سەل توختىتىۋېلىپ تۈزۈكرەك چارە ئويلاپ بىر ئىش قىلغان بولسىلا، بۇنداق پۇشايمانلىق ئىش يۈز

بەرمىگەن بولاتتى. ئىش قولدىن كەتتى مانا، ئەمدى پۇشايمان قىلىشتىن نىمە پايدا؟

شىر تۈلكىنىڭ سۆزىدىن خىجالەت بولۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە:
«ئەگەر ئۇنى بوش تۇتۇپتىمەن دېسەم، بىپەرۋالىقىم بىلىنىپ قالىدۇ. بەك ئېچىرقاپ كەتكەنلىكتىن ئالدىراپ كەتتىم دېسەم، نەپسىمنىڭ يامانلىقى ۋە سەۋرسىزلىكىم مەلۇم بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر زەئىپلىكىمدىن قوۋۋىتىم يەتمىدى دېسەم ئاجىزلىقىمنى ئىقرار قىلغان بولىمەن. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى سەلتەنىتىمگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە تۈلكىگە غەزەپ ۋە قوپاللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، ئۇنى بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشتىن مەنئى قىلغىنىم ياخشى» دەپ، تۈلكىگە شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بىئەدەپ! پادىشاھلار بىر ئىشنى قىلسا، پۇقرالارنىڭ ئۇ ئىشنىڭ سىرىنى سوراشقا نىمە ھەددى بار ئىكەن! ئۇلار ھەر قانداق ئىش سادىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھەقىقىتى ھەرگىز كۆڭلىگە روشەن بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلى تەقەززا قىلغان تەدبىرلەرنى پۇقرالارنىڭ ئەقلى ھەرگىزمۇ چۈشەنەلمەيدۇ. پادىشاھلارنىڭ سىر يۈكىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا كىشى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇ شۇنداق ئېغىر يۈككى، ئۇنىڭغا ئەقلى كامىل ۋەزىرلەرنىڭ كۆڭلىدىن باشقا نەرسە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. چۈنكى كەكلىكتە قارچىغىدەك ھەپسىلە بولمايدۇ ـ دە، بۇ سۆزنى قويۇپ، ئېشەكنى يەنە ئەكىلەلىگۈدەك بىرەر ھىيلە قىلغىن. بۇ خىزمىتىڭ بىلەن ماڭا بولغان ئىخلاس ۋە ئېتىقادىڭ

بۇيۇمۇ كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



روشەن مەلۇم بولسۇن. ئۇ چاغدا مەن تەڭتۇشلىرىڭ ئارىسىدا ساڭا تېخىمۇ مەرھەمەت ۋە تەربىيەت قىلغايمەن.
تۇلكە ئېشەكنىڭ يېنىغا يەنە بېرىپ بارلىق خۇشامەت ھەم سالام ـ تەزىم قائىدىلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈپتۇ، لېكىن ئېشەك ئۇنىڭدىن يوز ئۆرۈپتۇ ۋە:
ـــ ھەي مەككار! ماڭا ئاۋۋال راھەت ۋە پاراغەت ۋەدىسىنى قىلدىڭ، كېيىن شىر پەنجىسى بىلەن رەنج يەتكۈزدۇڭ! قانداق كىشى مۇشۇنداق ئىش قىلىدۇ ـ ھە ! ـــ دەپتۇ.
ـــ ھەي قەلبى پاك دوستۇم، سەن نېمىلەرنى خىيال قىلىپ قانداق ئەندىشىنى كۆڭلۈڭدىن كەچۈردۈڭ ـ ھە؟ ـــ تۇلكە شۇنداق دەپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ـــ سەن كۆرگەن ئۇ نەرسە ھۆكۈمالار بەرپا قىلغان تىلسىم ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئورمانلىق ھەر تۈرلۈك لەززەتلىك غىزالار، رەڭگارەڭ شېرىن مېۋىلەر بىلەن تولغان. ئەگەر تىلسىم بولمىسا ئىدى، ئالەمدە بار بارلىق جانىۋارلار شۇ يەرگە جەم بولۇۋالاتتى ـ دە، ئۇ يەردە قەدىمدىن تارتىپ ياشاۋاتقان جانىۋارلارغا يەر قىس بولۇپ قالغان بولاتتى. ئاشۇ تىلسىم بولغانلىقى سەۋەبلىك باشقا ھايۋانلاردىن ھېچقايسىسى ئۇ جايغا كېلەلمەيدۇ. ئۇ يەردىكى جانىۋارلار ئۆز بالا ـ چاقىلىرى بىلەن راھەت ـ پاراغەت ۋە كەڭرىچىلىك دەۋرى سۈرىدۇ. بىز بىر كىشىنى دوست تۇتساق، بۇ تىلسىمنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپ قويىمىز. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خەۋپ ـ خەتەرسىز ھالدا ھەددى ـ ھېسابى يوق نېمەتلەر ئىچىدە سەير قىلىدۇ. باشتا مېنىڭ ئېسىمدە بار ئىدى، سېنى

ئاشۇ تىلسىمدىن ئاگاھ قىلىپ قويىمەن دەپ تۇراتتىم. لېكىن سەن بىلەن مۇلاقات بولغىنىمغا غايەت خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىمدىن ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ سۇرەتنىڭ بىمەنە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭمۇ ياخشى بىلدىڭ. ئۇ يەرگە يەنە بارايلى، مەن سېنى ياخشىلىقتىن باشقا نەرسىگە دالالەت قىلمايمەن.

بىچارە ئېشەك ئۇنىڭ ئەپسانىلىرىگە ئىككىنچى قېتىمدىمۇ گول بولۇپ، ھېلىقى ئورمانلىققا يۇزلىنىپتۇ. تۈلكە ئىلگىرىرەك كېلىپ شىرغا «ئېشەكنىڭ يەنە كەلگەنلىكى» دىن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئېشەكنى كۆرگەندە ئورۇنلىرىدىن تەۋرىمىسىلە، ئۇ قاشلىرىغا ھەر قانچە يېقىن كەلسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلسىلا، ياخشى پۇرسەت تاپقاندا ئاندىن ئۇنىڭ ئىشىنى قىلغايلا.

شىر تۈلكىنىڭ نەسىھىتىنى قۇلىقىدا چىڭ تۇتۇپ، خۇددى جانسىز ھەيكەلدەك تۇرۇپتۇ.

— كەلگىن، بۇ سېھىر ھەقىقىتىنى ساڭا ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرەي، ئۇنىڭدىن مۇتلەق ھەرىكەت ۋە زەرەر كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگىن، — دەپتۇ تۈلكە ئېشەككە.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپتۇ. ئېشەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن قەدەم قويۇپ، شىرنىڭ قېشىدىكى يەرلەردىن ئوت - چۆپلەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ. لېكىن شىردىن ھېچقانداق شەپە چىقمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ

كېتىپتۇكى، ئۇنىڭ خەۋپىدىن پەرىشان بولغان خاتىرى تامام جەم بوپتۇ. بىر مەزگىل تويماسلىق ئىللىتىگە گىرىپتار بولغانلىقتىن ئوت - چۆپ يېيىشكە شۇنچىلىك مەشغۇل بولۇپ كېتىپتۇكى، قورسىقى تويمىغۇچە باش كۆتۈرمەپتۇ. ئاخىر قورسىقى راۋرۇس تويغاندا ئاشۇ تىلسىم ئالدىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. شىر ئۇنىڭ غاپىل قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىرىپلا قارنىنى يېرىپتۇ ھەمدە تۈلكىگە قاراپ:

— سەن بۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغىن، مەن بۇلاقتا بىرىپ غۇسلى قىلىپ كېلەي، ئاندىن كېيىن يۈرىكىنى ۋە قۇلىقىنى يەي، تېۋىپ شۇنداق بۇيرۇغانىدى، — دەپ بۇلاق بېشىغا كېتىپتۇ. تۈلكە ئېشەكنىڭ قۇلىقى ۋە يۈرىكىنى شىرغا قويۇپ قويماي پۈتۈن يەپتۇ. چۈنكى ئۇ ئورۇق بىچارە ئېشەكنىڭ ئۇنىڭدىن ياخشىراق گۆشى يوق ئىكەن. شىر غۇسلىدىن پارىغ بولۇپ قايتىپ كېلىپ، قانچە ئىزدەپمۇ ئېشەكنىڭ يۈرىكى بىلەن قۇلىقىنى تاپالماپتۇ.

— ئېشەكنىڭ ماڭا داۋا بولىدىغان ئۇ ئىككى ئەزاسى نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ تۈلكىدىن.

— ئەي پادىشاھىم! بۇ ئېشەكنىڭ قۇلىقى ۋە يۈرىكى يوق ئىدى، چۈنكى يۈرەك پەم ۋە ئىدراكنىڭ جايىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭ يۈرىكى بولغان بولسا، مېنىڭ ھىيلە - مىكرىمگە ئالدانمىغان، قۇلىقى بولغان بولسا، مېنىڭ يالغان سۆزلىرىمنى راست بىلمىگەن بولاتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۈلكە.

شىر ئۇنىڭ بۇ جاۋابىغا قايىل بولۇپ:

— راست ئېيتىسەن، ئەگەر ئۇنىڭدا پايدا بىلەن زىياننى ئايرىيالىغۇدەك كۆڭۈل ۋە پاراسەت، راست ۋە يالغاننى ئاڭلىيالىغۇدەك قۇلاق بولىدىغان بولسا، بىر قېتىم پۇتى سېپىلگەن يەرگە يەنە كەلمىگەن بولاتتى، — دەپتۇ.

— بۇ ھاماقەت ئېشەكنىڭ تەقدىرى ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ئىكەن، — دېدى بىلقۇتجان ئىچى سىيرىلغان ھالدا.

— ھاماقەتلىك ئەقىل ۋە مەرىپەتنىڭ كەملىكىدىن ھاسىل بولىدىغان ئەڭ يامان خۇلقلارنىڭ بىرىدۇر، — دەپ قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى مۆھتەرەم بوۋاي، — ھاماقەت كىشىلەر ئەخمەقلىقى سەۋەبىدىن باشقىلارنىڭ چالغان دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدۇ، بىر قېتىم قىلىپ پۇتكۈزىدىغان ئىشنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىمدىمۇ پۇتكۈزەلمەيدۇ. دائىم باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچرايدۇ. قىلغان ئىشلىرى ئەخمىقانە، بىمەنە ۋە قارىغۇلارچە بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ كۈل-كىسىگە قالىدۇ. مانا بۇلار بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ھاماقەت-لەرنىڭ بەلگىلىرىدۇر. ھاماقەتلىك بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئىشلارنى ئەقىل بى-لەن قىلماسلىق، بىر قېتىم قىلىپ پۇتكۈ-زىدىغان ئىشلارنى نەچچە قېتىم قىلىش ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشلار-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇ ھاماقەتلىككە كىرىدۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى:

— ئەخلاق ئۆلىمالىرىنىڭ نەزىرىدە ھاماقەتلىك جاھالەتتىن يامانراقتۇر. چۈنكى، جاھىلدا بىر جەھل بار، ئەخمەقتە بولسا بىر نەچچە ئەقىل ئىگىسىنى ئالداپ كېتىدىغان يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بولىدۇكى، ئۇ كۆپ كىشىلەرنى ئالداپ يولدىن چىقىرىدۇ. جاھالەتنىڭ داۋاسى ئىلىم بولغىنىغا ئوخشاش، ھاماقەتلىكنىڭ دەرمانى ئەقىل ۋە پىكىردۇر. ئىنسان ئۆز نەپسىگە جەبىر قىلىپ بولسىمۇ، دىققەت نەزىرى بىلەن ئىبرەت كۆزىنى ئېچىش ئۈچۈن تىرىشسا ۋە غەيرەت قىلسا، ئەخمەقلىق بالاسىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلىشى مۇمكىن. تەربىيە ۋە نەزەرىيەدىن مەھرۇم بولغان ئىنسان ھەر ۋاقىت پالاكەت ۋە ھەسرەت تۇزىقىغا چۈشىدۇ. ئەخمەق ئېشەكنىڭ پاجىئەسى مانا بۇ سۆزلىرىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە يېتىپ ئاشىدۇ.

— بوۋا، يەنە بىر مەسەل ئېيتىپ مېنى سەگىتىپ قويسىڭىز قانداق؟ — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.



# تەدبىر ۋە تەقدىر

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا بالىلىرى كۆپ، نامرات بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ يا يېرى، يا سۈيى يوق ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ يەر، سۈيى بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن، دائىم يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىكەن. ئۇ ئاخىر كۆڭلىگە بىر ئوينى پۈكۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى قوبۇل قىلىپ:

— نېمە دەردىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن يەيدىغان نېنىم يوق، كىيىدىغان كىيىمىم يوق بىر بىچارىمەن، — دەپتۇ دېھقان ئۆز ھالىنى ئېيتىپ.

— بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ نېمە تەلىپىڭ بار؟ — سوراپتۇ پادىشاھ. دېھقان:

— مېنىڭ تەلىپىم يۇقىرى ئەمەس، قولۇمغا يارلىق يېزىپ بەرسىلە، يۇرتۇمدىكى بەگلىرىم ماڭا كالا تېرىسىدەك يەر، بىر چېلەك سۇ بەرسە، سىلىنىڭ ھىممەتلىرى ئۇچۇن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا مىننەتدار بولغان بولاتتىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ دېھقاننىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: مەن بىر پادىشاھ تۇرسام، ناھايىتى بىر پارچە كالا تېرىسىدەك يەر، بىر چېلەك سۇغا يارلىق چۈشۈرسەم قانچىلىك ئىشتى، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئويلاپتۇ ـ دە، يارلىق يېزىپ، دېھقاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ.

دېھقان ئوردىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆز پىلانى بويىچە ئاۋۋال بىر پارچە كالا تېرىسى ۋە بىر چېلەك سېتىۋاپتۇ، ئاندىن كالا تېرىسىنى ناھايىتى ئىنچىكە تاسما قىلىپ تىلىپتۇ، چېلەكنىڭ تۈۋىنى ئېلىۋېتىپتۇ. ئاندىن بەگنىڭ ئالدىغا پادىشاھنىڭ يارلىقىنى كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ. بەگ يارلىقنى كۆرگەندىن كېيىن، دېھقاننى باشلاپ ئېتىزلىققا بېرىپتۇ.

دېھقان كالا تېرىسىدىن ياسالغان تاسمىنى چۇۋۇپ بىر ئايلاندۇرغانىكەن، 30 مو يەرگە يېتىپتۇ. دېھقان بەگنى يەنە ئۆستەڭ يېنىغا بېرىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار ئۆستەڭنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، دېھقان تۈۋى يوق چېلەك ئارقىلىق ئۆستەڭ سۈيىنىڭ بىر قىسمىنى يان تەرىپىدىكى قۇرۇق ئېرىققا باشلىۋاپتۇ. بەگ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دېھقانغا ئالدانغانلىقىنى سېزىپتۇ. ئەمما، پادىشاھنىڭ يارلىقى بولغاچقا ئىلاجسىز قاپتۇ.

دېھقان تۈۋى يوق چېلەكتىن چىققان سۇ بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ بىر ئۆمۈر غەمسىز ياشاپتۇ. بۇ ئىش ئەتراپقا تاراپتۇ، دانالار: «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر» دېگەن ھېكمەتنى شۇ ئىشتىن بىزگە قالدۇرۇپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي تەدبىرنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىنى بىرمۇنچە چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، يەنە بىر مەسىلىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

# تۇمۇچۇق بىلەن توز

قەدىمكى زامانلارنىڭ بىرىدە، بىر تۇمۇچۇق بىلەن بىر توز بولغان ئىكەن. تومۇچۇق ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇنراق قۇشلار شاھى توزنىڭ ئالدىغا ھەممىدىن بۇرۇن كىرىپ، ھەممىدىن كېيىن يېنىپ چىقىدىكەن.

بىر كۈنى بىر توپ ئۇچار قاناتلار ئېگىز بىر تاغقا ئۇچۇپ چىقىپتۇ. شۇ يەردە تۇرۇپ: «بىزمۇ كۆپەيدۇق، شۇنىڭغا ئەگىشىپ بىزنىڭ ئارىمىزدا قارشىلىقمۇ كۆپەيدى. بىزنىمۇ باشقۇرىدىغان بىر شاھ بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدا سۆزىمىزمۇ بىر بولۇپ ئارىمىزدىكى ئىختىلاپ تۈگەيدۇ!» دېيىشىپتۇ.

ئۇلار بىر - بىرى بىلەن شۇنداق دېيىشىپ تۇرغاندا، ھېلىقى تۇمۇچۇق ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ بېرىپ قاپتۇ. بۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا توزنى پادىشاھ قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپتۇ. قۇشلار ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، كېلىپ توزنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىشىپتۇ. تۇمۇچۇقنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق مەسلىھەت بەرگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى توز پادىشاھقا ۋەزىر قىلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. توزمۇ قۇشلارنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە كۆنۈپتۇ. شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


قىلىپ، تومۇچۇق قۇشلار پادىشاھى توزنىڭ ۋەزىرى بولۇپ قاپتۇ.

توز قوشلارغا كۆپ ياخشىلىق قىپتۇ. تۇمۇچۇق گاھى ـ گاھى پادىشاھنىڭ ئىشلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، باشقا ئىشلارنى قىلىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى تۇمۇچۇق توزنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي قاپتۇ. توز پادىشاھ ۋەزىر يوق كۆپ بىئارام بوپتۇ. شۇ چاغدا تۇمۇچۇق ئۇنىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ كەپتۇ. توز ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمىشقا بۈگۈن مېنىڭ ھوزۇرۇمغا ھەممىدىن كېيىن كەلدىڭ؟ سەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن ۋەزىرىم ئىدىڭغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. توزدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تۇمۇچۇق ئەدەپ ـ قائىدىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن:

— گۇمانلىق بىر ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلغىنىمدىن كېچىكىپ قالدىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇ قانداق گۇمانلىق ئىش ئىدى؟ — دەپ توز سوراپتۇ.

— قولىغا تۇزاق تۇتقان بىر كىشىنى كۆردۈم، — دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ تۇمۇچۇق.

— ئۇ نېمە قىلماقچى ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ توز.

تۇمۇچۇق مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇ كىشى تۇزاقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ نەق مېنىڭ چاڭگامنىڭ ئالدىغا يېيىپ قويدى ۋە ئۈتتۈرىسىغا دان چاچتى. ئۆزى ئارقىغا قايتىپ بېرىپ ماراپ ئولتۇردى. مەن ئۇنى قېنى، يەنە نېمە ئىش قىلىدىكىن؟ دەپ قاراپ ياتتىم. ئارىدىن ئانچە

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، بىر جۈپ تۇرنىنى ئەجەل ھەيدەپ ئېلىپ كەلدى. ئەركەك – ئۇرغاچىسى تەڭلا ئۇچۇپ كېلىپ تورنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دان چاچقان يەرگە چۈشۈپ تۇزاققا ئىلىنىپ قالدى. بايىقى ئوۋچى ماراپ تۇرغان يەردىن چاچراپ چىقتى. ئىككىلا تۇرنىنى تۇتۇپ تورنى يىغىشتۇرۇپ كېتىپ قالدى. مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ناھايىتى ۋەھىمىگە چۈشتۇم. ئەي زامانىمىزدىكى ئۇچار قاناتلارنىڭ شاھى ئۇلۇغ توز، مەن مانا شۇ سەۋەب بىلەن ھۇزۇرۇڭغا كېلىشتە كېچىكىپ قالدىم ۋە سىزنى كۈتكۈزۈپ بىئارام قىلىپ قويدۇم! ئەمدى مەن ئۇ چاڭگىنى تاشلاپ باشقا يەردىن چاڭگا تېزمىسام زادى بولمىدى! چۈنكى ئۇ ئوۋچى مېنى قەستلەپ قالىدىغاندەك تۇرۇدۇ!

توز تۇمۇچۇقتىن بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ئۇ كونا ئۇۋاڭدىن سەن قاچما! ئۇنى تاشلىما! تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ! ئەگەر ساڭا قازا تېگىلىپ كەلگەن بولسا، سەن قانچىلىك يىراققا قاچساڭمۇ ئۇ سېنى ئىزدەپ تاپىدۇ! — دەپتۇ. تۇمۇچۇق توزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— شاھىمىزنىڭ ئىرادىسى مەن ئۈچۈن بۇيرۇق. مەن بۇيرۇققا بويسۇنىمەن! ئۇۋا ئىزدەپ باشقا يەرگە كۆچمەيمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ توز ھۇزۇرىغا كەلگۈچە تۇزاققا ئىلىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆز ئۇۋىسى ئەتراپىدا تويغۇچە ئوزۇقلىنىپ، قانغۇچە سۇ ئىچىپ كېلىدىغان ۋە قايتىشتىن

بۇرۇنمۇ قورسىقىنى توزنىڭ ئالدىدا ئوبدان تويغۇزۇپ، سوغا قىلىپ كېتىدىغان بوپتۇ.

ئۇ بىر كۈنى توزنىڭ ئالدىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانىكەن. يەردە ئىككى تومۇچۇقنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. تومۇچۇق ئۆز - ئۆزىگە: «مەن ئۇچار قانات شاھى توزنىڭ ۋەزىرى تۇرسام، مېنىڭ ئالدىمدا بۇ تومۇچۇقلار تەپ تارتماستىن بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئەدەپسىزلىك قىلسا، بۇ مەن ئۈچۈن ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ مەن بۇلارنىڭ ئۇرۇشۇشىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈپ، بۇ ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قوياي! ئەگەر گېپىمگە كىرمىسە ئەزبىرايى خۇدا، مەن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى راسا كەلتۈرۈپ بېرىپ قوياي!» دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا ئوۋچى بۇلارنىڭ ئۈستىگە تورنى تاشلاپ تومۇچۇقلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئوۋچى ئۇلارنى بىر - بىرلەپ قولىغا ئېلىپ شېرىكىگە بېرىپتۇ. توزنىڭ ۋەزىرى بولغان تومۇچۇقنى قولىغا ئالغاندا، شېرىكىگە بىر قاراپ قويۇپ:

— بۇنى مەھكەم تۇت. چۈنكى بۇ ھەممىسىدىن سېمىز ئىكەن. مەن دۇنياغا كېلىپ ھېلىغىچە بۇنىڭدىن ئوبدانراق سەمرىگەن، بۇنىڭدىن چىرايلىقراق كېلىشكەن تومۇچۇقنى زادىلا كۆرمىگەنىدىم، — دەپتۇ.

ئوۋچىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تومۇچۇق ئۆز - ئۆزىگە: «مەن پەقەتلا تۇزاقتىن قورقۇپ يۈرگەن ئىدىم. ئاخىرى كېلىپ تورغا ئىلىندىم. ھەرقانداق ئېھتىيات قىلغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ پايدىسى بولمىدى. خۇدانىڭ بۇيرۇقىدىن، تەقدىرنىڭ قولىدىن، قازانىڭ

تورىدىن قېچىپمۇ قوتۇلغىلى بولمايدىكەن» دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ.

— بوۋا، بۇ مەسەلدە تەقدىرچىلىك ئىدىيەسى بەك كۈچلۈكمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى:

— شۇنداق، بۇ بىر كونا مەسەل، ئۇنىڭدا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ۋەقەلىك بار، ئۇنىڭدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلار كىشىنى ھەقىقەتەن ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز ھازىر قوبۇل قىلالمايدىغان بەزى تەركىبلەرمۇ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەسەلنى ئوقۇغاندا، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، نەپ تېگىدىغانلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، نەپ تەگمەيدىغان يەرلىرى بىلەن كارىمىز بولماسلىقى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا توغرا قىلغان بولىمىز. ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، بوۋا!

مۆھتەرەم بوۋاي يەنە بىر مەسەلنى ئېيتىشقا باشلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئىنتىقام

كونا كۆڭلەك يېڭىگە كىرىۋالغان تۇگمەن مۇشۇكى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپتۇ. بىر كېرىلىۋېلىپ تاغارلار ئارىسىدىن ئىشىك يېنىغا بېرىپ بوسۇغىدا ئولتۇرۇپتۇ. تاڭ قۇياشىدا ئۇنىڭ كۆزلىرى قاماشىپ كېتىپتۇ. مۇشۇك كۆك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ مياڭلاشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى تېخى ئېچىلمىغانىكەن. قورسىقى ئاچ بولغانلىقتىن، تۇگمەنچى بوۋاينىڭ ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۆيگە پەنجىرىدىن كىرىپ، بوۋاينىڭ يېڭىلا ساغقان سۈتى قاچىلانغان قاچىغا يېقىنلىشىپتۇ - دە، ئېڭىشىپ تۇرۇپ سۈتنى ئىچىشكە باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا، بوۋاي كىرىپ قاپتۇ.

— خەپ سېنى مۇشۇك، سۈتۈمنى يەنە ئىچىپسەن، — دەپ ۋارقىراپ ئوچاق يېنىدىن قولىغا لاخشىگىرنى ئاپتۇ، — چاشقانلار كىچىچە تاغارلارنى تېشىپ، بۇغدايلارنى چاچسا، سەن بولساڭ سۈتۈمنى ئىچىپسەن. ئال، ساڭا مانا سۈت، — دەپ قولىدىكى لاخشىگىرنى مۇشۇككە ئېتىپتۇ. مۇشۇك پەنجىرىدىن ئۆزىنى سىرتقا ئېتىپ قېچىپتۇ.

ئۇ بىردەمدىلا ئۆزىنى ئورماندا كۆرۈپتۇ. قۇلىقىغا ئۇزاق بىر يەردىن پاختەكنىڭ «گۇ، گۇ» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئاغزىغا

سېرىق سۇ يىغىلىپتۇ. ئۇ دەرھال شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. گۈل - چېچەك قاپلاپ كەتكەن بىر جايدا توختاپ، ئۇۋ ئىتىغا ئوخشاش ماراپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا بىر نەرسىنىڭ ئۇچقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، يېنىدىكى ياش بىر چىنار دەرىخىنىڭ شېخىدىكى ئۇۋىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇۋىدا بىر بۇلبۇل قانات قېقىپ، تۇتۇپ كەلگەن قۇرتنى بالىسىغا بېرىۋاتقانىكەن. مۈشۈك شەپە چىقارماستىن يۇقىرىغا يامىشىپتۇ، بۇلبۇل مۈشۈكنى بالىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشىپ يېمەكچى بولۇۋاتقاندىلا، ئاندىن سېزىپتۇ.

بىچارە قۇش ئېچىنارلىق ئاۋازدا سايراپ، شاختىن - شاخقا قونۇپتۇ. ئۆزىگە ياردەم قىلغۇدەك بىرەرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، بالىلىرىنى بىردىن - بىردىن يېگەن مۈشۈكنىڭ ئۈستىگە ئېتىلىپتۇ - دە، كۈچسىز قاناتلىرى بىلەن مۈشۈكنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. كىچىك تىرناقلىرى بىلەن مۈشۈكنىڭ كۆزىنى ئويۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇپتۇ. ئەمما، بوش قالغان ئۇۋىغا كىرىشكە مۈشۈك ئۇنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋاپتۇ.

مۈشۈك دەرەختىن پەسكە چۈشۈپ تۈگمەنگە قايتماستىن، يېڭى ئولجىلارنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، بىر دەريا بويىغا كەپتۇ. شاخلىرى ئېگىلىپ دەريا سۈيىگە تېگىپ تۇرغان قېرى ئامۇت دەرىخىگە سېلىنغان چاڭگىنى كۆرۈپتۇ.

مۈشۈك ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئامۇت دەرىخىگە يامىشىپتۇ. «بۇ چاڭگىدا بىر نەرسە بارمىدۇر؟» دەپ ئۇۋىغا قاراپتۇ. ئۇۋىدىن تۇمشۇقى ئۇزۇن بىر قاغا ئۇچۇپ چىقىپتۇ.

قاغا قاتتىق قاقىلداپ ئورمانغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. مۈشۈك بوينىنى سوزۇپ، تېخى قانات ـ پەيلىرى چىقمىغان قاغا بالىلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ يەپ ناشتا قىپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى قاغا بالىسىنى يەۋاتقاندا، ئانا قاغا مۈشۈككە شىددەت بىلەن ئېتىلىپتۇ ـ دە، تۇمشۇقىنى مۈشۈكنىڭ گەجگىسىگە پاتۇرۇپتۇ. مۈشۈك ئاغرىققا چىدىماي، ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ئالدى پۇتلىرىنى سوزۇپ قاغىنى قامالغا ئالماقچى بولغاندا، ئارقا پۇتى تېيىلىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا، ئورماننىڭ ھەممە تەرىپىدىن قاغىلار ئۇچۇپ كېلىشىپتۇ. بۇ قاغىلار بەختسىز ئانا قاغىنىڭ پەريادىنى ئاڭلاپ ياردەمگە كېلىشكەنىكەن. بىر توپ قاغىلار ۋارقىرىشىپ مۈشۈككە تاشلىنىپتۇ.

مۈشۈك قورقىنىدىن قېچىشقا تەمشىلىپتۇ. لېكىن، قاغىلار ئۇنىڭ قېچىشىغا پۇرسەت بەرمەستىن، ئۇنىڭ يولىنى توسۇپتۇ. چوقۇلاپ، قاناتلىرى بىلەن ھەر تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. مۈشۈك بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى قوغداپتۇ. ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئويۇۋەتمەكچى بوغان بىر قاغىنى بوغۇپ تاشلاپتۇ. قاغىلار تېخىمۇ غەزەپكە كەپتۇ. ھەر تەرەپتىن مۈشۈك ئۈستىگە ئېتىلىپ بىر ـ بىر ئۇنى قامالاپ ئاپتۇ. ئۆز بالىلىرىنى نابۇت قىلغان بۇ مەخلۇقنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ چىقىپ خېلى ئۇچۇپتۇ. تۆگمەن ئۈستىگە كەلگەندە تېخىمۇ ئېگىزلەپ ئۇچۇپ مۈشۈكنى يەرگە ئېتىپتۇ. مۈشۈك دەل بوۋاينىڭ تۆگمىنى ئۈستىگە چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۇنىنىمۇ چىقىرالماپتۇ. چۈنكى، ئۇ سۆڭەكلىرى سۇنۇپ جېنىدىن جۇدا بولغانىكەن.

— مۇشۇكنىڭ ھالى ئىشلىمەي چىشلەشنىلا ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ پاجىئەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ.

— بۇ بۇ مەسەلدىكى مۇشۇك بىر تەرەپتىن قارىغاندا ھورۇن، مىشچان، يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئالدىغا ئۇچرىغانغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان قارا نىيەت ئىكەن. ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويۇڭچۇ! — دەپ ئىلتىماس قىلدى بىلقۇتجان.

— بۇ مەسەلدىكى مۇشۇك بىزگە ئىشلىمەي چىشلەشنىلا ئويلايدىغان مىشچانلارنى يادىمىزغا سالىدۇ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — ئەي جېنىم بالام! ھەرقانداق جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، ھورۇنلۇق قىلىپ، ئىشلىمەي بىكار يۈرۈش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم بىزلەرنى تىرىششقا دەۋەت قىلىدۇ ۋە بۇيرۇيدۇ. ئىش خۇشياقماسلىق ئىنساننى ھەر ۋاقىت خار ۋە تەمە بالاسىغا گىرىپتار قىلىدۇ. بىرەر ئىشقا مەشغۇل بولغان كىشىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى بىلمەي قالىدۇ، ھورۇن كىشىلەر ئۇچۇن بىرەر سائەتنى ئۆتكۈزۈش قىيامەتتىن قىيىندۇر. غەيرەت — ۋۇجۇدىمىز سائادىتىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە بەختىيار بولۇشىمىزغا سەۋەبتۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ھەر بىرىمىز تىرىشىپ، ئۆز كۈچىمىز بىلەن مەئىشىتىمىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىپ، باشقىلارغا موھتاج بولماي راھەت - پاراغەتتە ياشىشىمىز لازىم. ساقلىقىمىز، سائادىتىمىز، بايلىقىمىز،

uyghurkitap.com



قانائىتىمىز، سەۋرىمىز، پەزىلىتىمىز، قىسقىسى، پۈتكۈل ھاياتىمىز، ھەرىكىتىمىز ۋە تىرىشچانلىقىمىزغا باغلىقتۇر. تىرىشچان كىشىلەر مەقسەتلىرىگە تېز يېتىدۇ. ھورۇن كىشىلەر ھەر نەرسىدىن مەھرۇم، دائىم باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ، خارلىقتا ياشايدۇ.

— ئەمدى چۈشەندىم، بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان.

— ھورۇنلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن يامان، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مۆھتەرەم بوۋاي، — چۈنكى، ھورۇنلۇق قىلىشقا كۆنۈپ قالغان كالا ئاخىر قاسساپنىڭ پىچىقىنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ ئەمەسمۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن، بوۋا؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى بىلقۇتجان.



# قاسساپ ۋە كالا

ساپانغا قوشۇلۇپ ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان بىر كالا، بىر كۈنى ئۆز خوجايىنىغا:

— مەن كېسەل بولۇپ قالدىم، ئەتە ئىشقا چىقالمايمەن، — دەپتۇ.

دېھقان ئەتىسى كالىنىڭ ئورنىغا ئېشەكنى ساپانغا قوشۇپتۇ. كەچقۇرۇن كالا ئېشەكتىن:

— قانداقراق، ئىشىڭ ئوڭاي بولدىمۇ؟ خوجايىن بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوجايىن بىر نەرسە دېمىدى، — دەپتۇ ئېشەك.

كالا ئاخشىمى خوجايىنىغا يەنە كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى، ئىشقا چىقالمايدىغانلىقىنى دەپتۇ. دېھقان ساپانغا يەنە ئېشەكنى قوشۇپتۇ. بىچارە ئېشەك كەچتە ناھايىتى ھارغىن ھالدا قايتىپتۇ.



كالا يەنە:

— كۈنۈڭ قانداق ئۆتتى؟ —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەپ سوراپتۇ.

— ئەپلەپ ـ سەپلەپ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئېشەك.

— خوجايىن بىرنەرسە دېمىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ كالا.

— ياق، بىر نەرسە دېمىدى. بىراق، خوجايىنىنىڭ بىر قاسساپ بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، — دەپتۇ ئېشەك.

مۆھتەرەم بوۋاي ئۇلاپلا يەنە بىرنەچچە قىزىقارلىق مەسەلىنى ئېيتىشقا باشلىدى.



# قايسى يېرىمى كىمگە تەۋە

ئىككى دېھقان بىرلىشىپ بىر ئېشەك سېتىۋاپتۇ. بۇلار ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، بىرى يەنە بىرىدىن:

— ئېشەكنىڭ قايسى يېرىمى ساڭا تەۋە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېشەك ئىككىمىزگە تەۋە. لېكىن، قايسى يېرىمى كىمگە تەۋەلىكى ئېنىق بولۇشى لازىم، — دەپتۇ.

يەنە بىرى:

— ئالدىنقى يېرىمى ماڭا تەۋە، — دەپتۇ.

بۇنىڭغا رازى بولغان يەنە بىرى ئېشەكنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى چىۋىنلەرنى قوغلاشقا باشلاپتۇ ۋە:

— ماڭا تەۋە قىسمىنىڭ ئىشىنى بېجىردىم، سەنمۇ ئارپا سېتىۋېلىپ ساڭا تەۋە قىسمىنىڭ ئىشىنى بېجىرگىن، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


# بەش تەڭگە

ئىككى مېكىيان بىر كۈنى بازار ئايلىنىشقا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر باققال دۇكىنىنىڭ جاۋىنىدە يوغان ـ يوغان ئاق تۇخۇملارنى كۆرۈپتۇ. تۇخۇملارنىڭ ئۈستىدە «قىرىق بەش تەڭگە» دېگەن باھا يېزىقلىق ئىكەن. بىرىنچى مېكىيان ھەمراھىغا قاراپ:

— كۆرۈۋاتامسەن، بۇلار مەن تۇغقان تۇخۇملار، قىرىق بەش تەڭگىگە سېتىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، يەنە بىر باققال دۇكىنىنىڭ جاۋىنىغا تىزىلغان تېخىمۇ يوغان سېرىق تۇخۇملارنى كۆرۈپتۇ. ئىككىنچى مېكىيان:

— قارا، مانا بۇلار مېنىڭ تۇخۇملىرىم، ئەللىك تەڭگىگە سېتىلىۋېتىپتۇ، — دەپتۇ.

بىرىنچى مېكىيان:

— ۋايىيەي، مەنمۇ شۇنداق تۇخۇملارنى تۇغالايمەن. ئەمما... بىزنىڭ خوراز بەش تەڭگە ئۈچۈن ئۆزىنى زايە قىلمايدۇ، — دەپتۇ.

# ئېشەكلىكتىن قۇتۇل

يېزىنىڭ ئىگەر ـ توقۇمچى ئۇستىسى ئۆلۈپ قالغانىكەن. يېزىنىڭ ئېشەكلىرى بىر يەرگە توپلىشىپ، خۇشال بولۇشۇپ، سەكرىشىپ كېتىپتۇ.

قېرى ھەم كېسەل بىر ئېشەك تام تۈۋدە شۈمشىيىپ تۇرغاندا، ئېشەكلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— خەۋىرىڭ بولمىسا كېرەك. ئىگەر ـ توقۇمچى ئۆلدى، — دەپتۇ.

— ئۆلسە نېمە بوپتۇ؟ — دەپتۇ قېرى ئېشەك.

— ئەمدى ئۇچىمىز يېغىر بولمايدىغان بولدى. ھۆر ـ ئازادە بولىدىغان بولدۇق، — دەپتۇ ھېلىقى ئېشەك.

— قانداق ھۆر ـ ئازادىلىقكەن ئۇ؟ — دەپتۇ قېرى ئېشەك.

— ئىگەر ـ توقۇمچى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇچىمىزغا توقۇم توقۇلمايدۇ ـ دە! شۇنداق قىلىپ ئىگىمىز بىز بىلەن يۈك توشۇيالمايدۇ، دالىدا، يايلاقتا خالىغىنىمىزچە ئوينايمىز، — دەپتۇ ھېلىقى ئېشەك.

قېرى ئېشەك كۈلۈپتۇ:

— ئەقلىڭگە ھەيرانمەن. ئەسلىدە سەن بۈگۈن خۇشال بولۇپ، سەكرەش ئورنىغا ماتەم تۇتۇشۇڭ كېرەك ئىدى، توقۇمچى

www.uyghurkitap.com



ئۇستا ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن ئۇ بىزنىڭ ئۇچىمىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلەتتى. ئۇچىمىزغا باب كەلگۈدەك توقۇم توقۇيتتى. ئەتە بىر نائۇستا ئېگەر ـ توقۇمچى كەلسە، ئۇچىمىز يېغىردىن قۇتۇلالمايدۇ. ئېگەر ـ توقۇمچىدىن ئەمەس، ئېشەكلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلغىن. ئېشەك بويىچە قېلىۋەرسەڭ ئۇچاڭغا توقۇم توقۇيدىغانلار تۈگىمەيدۇ، — دەپتۇ.

بىلقۇتجان يۇقىرىقى مەسەللەردىن بەزىلىرى ئاڭلىغاندا ئۆزىنى بېسىۋالالماي قاقاھلاپ كۈلسە، بەزىلىرىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر خىياللارغا پاتتى. مۆھتەرەم بوۋاي بۇ مەسەللەرنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— بۇ مەسەللەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ سېنى كۈلدۈرەلىشى قىزىقارلىقلىقىدىن، شۇنداقلا بەزى چوڭقۇر مەزمۇنلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىدىن بولغان؛ بەزىلىرىنىڭ سېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىشى بولسا بۇ مەسەللەرنىڭ تېرەن مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز بۇلار ئارقىلىق ھايات ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

— ھەقىقەتەن شۇنداقكەن، بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان.

— ئەمدى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى مەسەلگە قۇلاق سال! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.

# ئەڭ ياخشى نەرسە

بۇرۇنىسىدا ناھايىتى ئەقىللىق بىر ئادەم بولغانىكەن. ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا قىزى بار ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ قورۇسى ناھايىتى چىرايلىق ۋە يورۇق ئىكەن، نۇرغۇن ئۆيلىرى ۋە گۈللۈك باغچىسى بار ئىكەن، قىزى باغچىدا يالغۇز ئويناۋاتقان ئىكەن. قورۇدا ئۆيدىن - ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىكەن. پەقەت ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىرمەيدىكەن، ئۇ ئۆي دائىم قۇلۇپلاقلىق تۇرىدىكەن. بىر كۈنى قىزچاق دادىسىدىن:

— دادا، رۇخسەت قىلسىڭىز، قۇلۇپلاقلىق ئۆيگە كىرىپ كۆرۈپ باقسام، بەلكىم ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولسا كېرەك، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

دادىسى:

— ھەقىقەتەن ئۇ يەردە ئەڭ ياخشى نەرسە سولاقلىق. بىراق سەن تېخى كىچىك. چوڭ بولساڭلا ئۇ سېنىڭ بولىدۇ ۋە پۈتۈن ئۆمرۈڭ بەخت ئىچىدە ئۆتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىز چوڭ بوپتۇ. ئۇ ئادەم قۇلۇپلاقلىق ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى قىزىغا بېرىپتۇ. قىز خۇش بولۇپ، سەكرىگىنىچە بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىپتۇ. قارىسا بىر ئۇرچۇق، بىر يىك ۋە ئېچىقلىق بىر كىتاب تۇرغۇدەك، بۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوق ئىكەن. قىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە كۆز يېشىنى تۆكۈپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— دادا، سەن ماڭا قۇلۇپلاقلىق ئۆيدە ئەڭ ياخشى نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدىڭ. مەن پەقەت ئۇ يەردە يالغۇز بىر ئۇرچۇق، بىر يىپ ۋە بىر ئېچىقلىق كىتاب كۆردۇم، — دەپتۇ.

دادىسى:

— ئەڭ ياخشى دېگەن نەرسىلىرىم زادى شۇلار. دېمەك، ئۇرچۇق بىلەن يىپ ئەمگەك قىلىشنى، كىتاب بولسا ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيادا ئۇلاردىنمۇ ياخشىراق نەرسە بارمۇ؟ ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئەمگەك بىلەن بىلىمدىنلا كېلىدۇ، — دەپتۇ.

— بوۋا، بۇ مەسىلىنىڭ مەزمۇنى بەك چوڭقۇر ۋە تەسىرلىك ئىكەن، — دېدى بىلقۇتجان، — چۈنكى، ئۇنىڭدا ئەمگەك بىلەن بىلىم ئېلىشنىڭ مۇھىملىقى ناھايىتى ئاددىي ھالدا بايان قىلىنغان بولسىمۇ، تولىمۇ تەسىرلىك ئىكەن.

— دېمەك، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — ئەمگەك بىلەن بىلىم بولسىلا، ھەرقانداق قىيىن تۈگۈنى يېشەلەيتتىش، ھاياتنى ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئىنسانىيەتكە ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشۇش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەنمۇ مۇشۇ ئىككى گۆھەردىن ھەرگىز ئايرىلمىغىن، جېنىم بالام!

— ماقۇل بوۋا!

مۆھتەرەم بوۋاي يەنە بىرنەچچە قىسقا، ئەمما قىزىقارلىق مەسەللەردىن ئېيتىشقا باشلىدى.

# بۆرىدىن ئىنساب تىلەش

كەنتتىكى دېھقانلار بۆرىنىڭ قوي پادىلىرىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۆرىگە ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلماقچى بوپتۇ. ئۇلار بۆرىگە نۇرغۇن ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتىپ يۇرۇپ، ئۇنى مىڭ تەستە ماقۇل كەلتۇرۇپتۇ. بۆرىمۇ ئەمدى ھەرگىز قويلارغا چېقىلمايدىغانلىقى ھەققىدە دېھقانلارغا قەسەم بېرىپتۇ.

دېھقانلار پوپ بىلەن باستېرنى چاقىرىپ كېلىپ، مۇراسىمنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، دۇئا ـ تىلاۋەتنى باشلاپتۇ. باستېر ھە دەپ تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا، بۆرە تۇيۇقسىز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ شۇنداق دەپتۇ:

— تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، باستېر ئەپەندى، تىلاۋەت قىلىپ نەگە كەلگەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

باستېر ئۇنىڭدىن تولىمۇ ھەيران قېلىپ، بۆرىدىن سوراپتۇ:

— نېمە ئىش بولدى؟

— سىز ئەنسىرىگۈدەك ئەسكى ئىش ئەمەس، مەن بىر توپ قوينىڭ چېركاۋ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىۋاتىمەن، قاراپ باقاي، ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن.

بۆرە شۇنداق دەپلا بەدەر تىكىۋېتىپتۇ ۋە شۇ كەتكەنچە چېركاۋغا قايتىپ كەلمەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# خوراز بىلەن تۈلكە

بۇرۇنقى زاماندا، تۈلكە خورازنىڭ قىزىل تاجىسىنى ئۆتمىكىن دەپ ئويلاپ، خورازنى كۆرسىلا بەدەر قاچىدىكەن.

خوراز بۇنىڭدىن تولىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ تۈلكىدىن سوراپتۇ:

— ھەيرانمەن، سەن نېمە ئۈچۈن ھەر قېتىم مېنى كۆرسەڭلا، ئالدى - كەينىڭگە قارىماي قاچىسەن؟ ھەممىمىز ئوخشاشلا ھايۋانغۇ؟!

— مەن بېشىڭدىكى ئۆتتىن قورقىمەن.

— ھەي، ئۇ ئوت ئەمەس، ئەگەر بېشىمدا ئوت كۆيسە، مەن قانداقسىگە بۇنداق ئەركىن - ئازادە يۈرەلەيمەن؟

— راست شۇنداقما؟ بۇنى زادىلا بىلمەيدىكەنمەن.

— كەل، ئىشەنمىسەڭ سىلاپ باق، ئۇ ئوت ئەمەس، قولۇڭ كۆيۈپ قالمايدۇ.

تۈلكە يۈرىكى پوك - پوك ھالدا خورازنىڭ تاجىسىنى سىلاپ باقسا، يۇمشاقلا تۇرغۇدەك، ھېچ ئوتقا ئوخشىمىغۇدەك.

# پاقا بىلەن قىسقۇچپاقا

پاقا بىلەن قىسقۇچپاقا يولدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ، بىر ئات كېلىۋاتسا، بىر ئات كەپقاپتۇ.

قىسقۇچپاقا پاقىغا:

ــ پاقىۋاي، چاققان بول، ئات كېلىۋاتىدۇ، دەرھال تاشنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالايلى، ــ دەپتۇ.

ــ ھېچقىسى يوق، ــ دەپتۇ پاقا پەرۋا قىلماستىن پو ئېتىپ، ــ مەن دېگەن خېلى يىراققا سەكرىيەلەيمەن!

قىسقۇچپاقا دەرھال تاشنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ، ئاڭغىچە ئاتمۇ يېتىپ كەپتۇ ۋە سەكرەي دەپ تۇرغان پاقىنى دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

قىسقۇچپاقا تاشنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ دەپتۇ:

ــ ۋاي بىچارە، قارىغىنا ئەپتىڭگە! كۆزۈڭمۇ قوپۇلۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟

ــ نەدىكىنى! ــ دەپتۇ پاقا يەنىلا تەن بەرمەي، ــ مەن كۆزۈمنى ئالايتىۋاتىمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


# ئاتا نەسىھىتى

بىر يىگىت بولغانىكەن، ئۇ دائىم ئاتىسىنىڭ نەسىھەتىگە ۋە تەنبىھلىرىگە قۇلاق سالماي، قولىغا تۇمۇرنىڭ سۇنۇقىنىمۇ ئالماي، ئۆزى يالغۇز يۇرتمۇ يۇرت ئايلىنىپ كېلىدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ ئاخىر بۇ قىلىقىنىڭ دەردىنى تارتىپتۇ. ئۇ ياقا يۇرتتا يۈرۈپ بىر توپ قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. يىگىت شۇندىلا ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ ئېغىر خۇرسىنىپتۇ:

— ھەي، ئاتامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بىر تال يىڭنە بولسىمۇ ئېلىۋالغان بولسام، بۇ كۈنگە قالمىغان بولاتتىم!

— شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ قاراقچىلارنىڭ كاتتىبېشى، — ئۇنداقتا ساڭا بىر يىڭنىدىن بىرنى بېرەيلى، تۇتە مانا!



— لېكىن بۇ يىڭنە ناھايىتى گال ئىكەن ئەمەسمۇ؟

— نەدىكىنى؟ — قاراقچىلارنىڭ كاتتىبېشى شۇنداق دەپ، يىگىتنىڭ قېشىغا

يېقىنلاپ كېلىشىگىلا، يىگىت چاققانلىق بىلەن يىگىننى ئۇنىڭ بۇرنىغا تىقىۋېتىپتۇ. ئۇ قاتتىق چىرقىرىغىنىچە، قورالىنى تاشلاپ بۇرنىنى تۇتۇپتۇ. يىگىت چەبدەسلىك بىلەن قورالىنى ئېلىپ، قاراقچىلارنىڭ كاتتىبېشىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغانلىرىنى ھەيدىۋېتىپتۇ.

يىگىت ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، بولغان ئىشلارنى ئاتىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاتىسىمۇ ئۇنىڭ چېچەنلىكىگە قايىل بوپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاددىيغىنە بىر تال يىڭنىمۇ باتۇرنىڭ قولىغا چۈشسە كۈچلۈك قورالغا ئايلىنالايدۇ، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# كىم ئوغرى؟

بىر ئاق كۆڭۈل كىشى بىر توپ كەمبەغەل ۋە يېتىم بالىنى بېقىۋاپتۇ. بىر كۈنى قارىسا ئىشكاپتىكى پۇلى يوق تۇرغۇدەك. بالىلاردىن سورىسا، ھەممىسى «مەن ئالمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغرىنى تېپىش ئۈچۈن بالىلارنىڭ ھەممىسىنى جەم قىلىپ، ھەر بىرىگە ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتىكى تاياقتىن بىر تالدىن بېرىپتۇ ـ دە:

ـــ سىلەر بۇ تاياقنى ئوبدان ساقلاپ، ئەتە ئەتىگەندە ئورنۇڭلاردىن تۇرغاندا ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار. پۇلنى كىم ئوغرىلىغان بولسا، شۇنىڭ تايىقى باشقىلارنىڭكىدىن ئۇزىراپ قالىدۇ دەپ جېكىلەپتۇ.

پۇل ئوغرىلىغان بالا ئۆزىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، تايىقىنى ئازراق كېسىپ قىسقارتىپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، بالىلارنىڭ ھەممىسى تايىقىنى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. پۇلنى كىمنىڭ ئوغرىلىغانلىقى شۇ ھامان مەلۇم بوپتۇ. پۇلنى ئالغان ھېلىقى بالا ئۆز قىلمىشىدىن ناھايىتى خىجىل بولۇپ، ئىككىنچى ئۇنداق ئەسكى ئىش قىلمايدىغان بوپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ مەسىلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بىر ھازا غىچە كۈلۈپ كەتتى. مۆھتەرەم بوۋاي مەسەل ئېيتىشنى داۋاملاشتۇردى.

# بېخىل باينىڭ ئۆلۈمى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئۆزىنىڭ قانچىلىك مال - دۇنياسى بارلىقىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدىغان تولىمۇ پىخسىق بىر باي ئۆتكەنىكەن. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بىر كۈنى، ئۇ ئۆزىنىڭ يىراق دالىغا كۆمۈپ قويغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئەكىلىۋېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. يول يىراق، ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، ئۇ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپلا قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭغا يول بويىدا بىر ئىچىملىك دۇكىنى ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ دۇكاندىكى مېۋە سۈيىنىڭ باھاسىنى قىممەت كۆرۈپ، بۇنداق قىممەت سۇنى ئېلىپ ئىچكەندىن كۆرە چاققانراق يولۇمغا مېڭىپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىمنى ئېلىپ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆيدىلا سۇ ئىچكىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ دەپ ئويلاپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئۇ چىشىنى چىشلەپ، ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى مىڭ تەستە يەردىن قېزىپ ئېلىپتۇ. ئۇ بۇلارنى ئالدىغا قويۇپ، تەڭرىدىن مۇشۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر تامچە سۇغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلىپلا جان ئۈزۈپتۇ.

— بېخىللىقنىڭ قانداق يامان خۇي ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېرىڭە، بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان بۇ مەسىلىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— ماقۇل جېنىم بالام! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئىتائەتمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ، — بېخىللىق سېخىيلىق بىلەن قارشى مەنىدىكى سۆز بولۇپ، مال - دۇنيانى قارامىلىق بىلەن يىغىش، لېكىن خەرج - خىراجەت قىلماسلىق، مال - دۇنيا يىغىش يولىدا ۋاستە تاللىماسلىق، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىشنىڭلا كويىدا يۈرۈش قاتارلىق بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بېخىللىق ئادەمىيلىك نۇقتىسىدىن ناھايىتى زور ئەيىب، ئەخلاق نۇقتىسىدىن خەلق ئاممىسى قارشى ئالمايدىغان يامان خۇيدۇر. بېخىللىق ئادەمنىڭ ئۆز مال - دۇنياسىغا جان دىلىدىن يېپىشىۋېلىشىدۇر. بېخىل ئادەم ئۆزىنىڭ يېيىشى ۋە كىيىنىشى ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. نان، مېۋە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ يېڭىسىنى ئېلىشقا كۆچى يەتسىمۇ كونىسىنى سېتىۋالىدۇ، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ يېڭىسىنى سېتىۋالماي، كونا ۋە يىرتىقلىرىنى سېتىۋالىدۇ، تازا ۋە پاكىز يەردە ياشاشنىڭ ئورنىغا قاراڭغۇ، زەي ۋە سالامەتلىككە زىيانلىق جايلاردا ياشايدۇ. بېخىللىق شۇنداق يامان ئوتتۇركى، بۇ ئوت بېخىل كىشىنى كېچەيۇ كۈندۈز كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى، بېخىل كىشى كېچە - كۈندۈز مال توپلاش، باشقىلارنى بابلاشنىڭ كويىدىلا يۈرىدۇ، باشقىنى ئاز ئويلايدۇ ياكى ئويلىمايدۇ. ھەرقانداق ئىشتا بىر تىيىننىڭ ئۇستىدە تىك تۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ دېگىنىگە

كەلتۈرمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ، ۋاقتىنىڭ زايە بولۇشى، ئادەمنىڭ چارچىشى ۋە قىيىنلىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بېخىللار تەرسا، مىجەزى ئوسال ۋە كاج كېلىدۇ، قىلدىن قىيىق كەتسە كەچۈرمەيدۇ، شۇڭا، نېرۋىسى دائىم قوزغىلىپ تۇرىدۇ، ئۆمرىمۇ ئۇزۇن بولمايدۇ، بېخىللار ئىچىدە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدىغانلار كۆپ كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، بۇ دۇنيادا ھەرگىز بېخىل بولما، سېخىي بول، بېخىللارنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ.

— مەن چوقۇم سېخىي ئادەم بولىمەن! — دېدى بىلقۇتجان ۋەدە بېرىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پادىشاھ بىلەن دېھقان

پادىشاھ يولدا كېتىۋېتىپ، پالما كۆچىتى تىكىۋاتقان بىر قېرى دېھقاننى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئاقساقال، سىزنىڭچە، سىز بۇ پالمىلارنىڭ مېۋىسىگە ئېغىز تېگەلەرسىزمۇ؟ پالما دېگەن خېلى ئۇزۇن يىلدا مېۋە بېرىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشىنىپ بىر يەرگە بېرىپ قاپسىز.

— ئالىيلىرى، ئاتا ـ ئانىمىز تىكىپ قويغان پالمىلارنىڭ مېۋىسىنى بىز يېدۇق، بۇ پالمىلارنى بىز تىكىپ قويساق، مېۋىسىنى باللىرىمىز يەيدۇ ئەمەسمۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان.

پادىشاھ دېھقاننىڭ جاۋابىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، شۇ يەردىلا ئۇنىڭغا مىڭ دىنار ئىنئام بېرىپتۇ.

— بوۋا، ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ مەزمۇنلۇق بىر مەسەل ئېيتىپ بەرمەمسىز! — دېدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە مەسەل ئېيتىشقا باشلىدى.

# ئەڭ قىممەتلىك بايلىق

بىر ياش بولغانىكەن، ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆزىنىڭ كەمبەغەللىكىدىن، تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن زارلاپلا يۈرىدىكەن. «جىققىدە پۇلۇم بولغان بولسا نېمىدىگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇ چاغدا مەن خۇشال ـ خورام، ئازادە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولاتتىم!» دېگەن گەپنى زادىلا ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن.

بىر كۈنى، بىر قېرى تاشچى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قېلىپ سوراپتۇ:

ــ ئوغلۇم، نېمىگە زارلاۋاتىسەن؟ ئۆزۈڭ ناھايىتى باي ئىكەنسەنغۇ؟

يىگىت گاڭگىرىغان ھالدا سوراپتۇ:

ــ مەن نەدىمۇ باي بولاي؟ ئۇنداقتا بايلىقىم قېنى؟

ــ مەسىلەن، بىر جۈپ كۆزۈڭنى ئېلىپ ئېيتساق، سەن ئۇنى باشقا پۇللۇق نەرسىگە تېگىشەمسەن؟

ــ بۇ نېمىدېگەنلىرى؟ مەن كۆزۈمنى ھېچنەرسىگە تېگىشمەيمەن.

ــ ئۇنداق بولسا، مەن ئىككى قولۇڭنى كېسىۋېلىپ، ساڭا نۇرغۇن ئالتۇن بېرەي بولامدۇ؟

ــ يوقسۇ، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن.

— ھە، ئەمدىغۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىنتايىن باي ئىكەنلىكىڭنى بىلگەنسەن؟ مۇشۇنداق تۇرۇپ، تەقدىردىن ئاغرىنىشىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئېسىڭدە بولسۇن، كۈچ بىلەن ساغلاملىق بىباھا بايلىقتۇر، بۇلارنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

تاشچى بوۋاي شۇنداق دەپلا كېتىپ قاپتۇ.

— بۇنىڭدىن سەن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىشىڭ لازىم، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجانغا تەلىم بېرىپ، — چۈنكى، ھەركىمنىڭ ۋۇجۇدىدا پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق كۆمۈلۈپ ياتقان بولىدۇ. شۇ بايلىقنى بايقاش، ئۇنى قېزىپ پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش تولىمۇ مۇھىم.

— چۈشەندىم بوۋا!

— ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى مەسىلىگە قۇلاق سال، جېنىم بالام! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.



# كەكلىك بىلەن تاشپاقا

— مېنىڭ ئەھۋالىم سېنىڭكىدىن كۆپ ياخشى، مەن تېز يۈگۈرەلەيمەن ھەم ئۇچالايمەن، — دەپتۇ كەكلىك تاشپاقىغا.

— مەن ئاستا ماڭغىنىم بىلەن ھەممە ئىشنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قىلىمەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئوۋچى ئوۋ ئوۋلىغىلى كېلىپ يايلاققا ئوت قويۇۋېتىپتۇ. ئوت ئۇلغىيىپ كەكلىك بىلەن تاشپاقىنىڭ ماكانىغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئىككىسى جېنىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۇلگۇرەلمەي تۇرغاندا، تاشپاقىنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ - دە، ئۆمىلەپ بىر تۆشۈككە كىرىۋاپتۇ. كەكلىك ئۇچۇشقا ھەر قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن قويۇق ئىس - تۈتەكنىڭ تەسىرىدە ھېچنېمىنى كۆرەلمەي كۆيۈپ كېتىپتۇ. تاشپاقا ئوت ئاپىتىدىن قۇتۇلۇپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇ مەسەلنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— دېمەك، ئۆزىنى ماختاشقا ئامراق ئادەم ئەمەلىي سىناق ئالدىدا چوقۇم مات بولىدۇ.

بىلقۇتجان قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتتى.

كىتاب ئىسمى: بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى
تۈزگۈچى: شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتى
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار، يالقۇن روزى
لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن
خەتتات: ئىرشات ئىزىز
رەسسام: مەخمۇتجان تۇردىنىياز
نەشرىيات: شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسما زاۋۇت: ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2011 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2011 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تور، يەككە باھاسى 8 يۈەن)

教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

# بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى




# تۇمۇچۇق بىلەن توز

## Tumuchuq Bilen Toz 旋木雀与孔雀

01. مايمۇن بىلەن تاشپاقا
02. قۇشقاچ بىلەن يىلان
03. توشقاننىڭ قايغۇسى
04. توز بىلەن قىرغاۋۇل
05. ئېيىق بىلەن مولۇن
06. تۇمۇچۇق بىلەن توز
07. ھەسەتخور بۆركۈت
08. قۇشقاچ بىلەن تۇرنا
09. توشقان بىلەن پىللار
10. تىمساھنىڭ كۆز يېشى
11. چېقىمچى قۇشقاچ
12. قىزغانچۇق چۈجە
13. يولۇچى ۋە ئات
14. بېغەم چاشقان
15. ئۈچ بېلىق
16. ئالتۇن قۇش
17. ئەخمەق ئات
18. ئالدىراڭغۇ كەپتەر
19. تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى
20. غەيرەتلىك چۈمۈلە
21. تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى
22. تۇرنىنىڭ مېھمان چاقىرىشى
23. ھەددىنى بىلمىگەن پاقا
24. قۇشقاچ بىلەن قارلىغاچ
25. سۇ قۇشى بىلەن تاشپاقا
26. كەكلىك بىلەن قارچىغا
27. يولۋاس بىلەن مايمۇن
28. شىر پادىشاھ ۋە چىلبۆرە
29. مۇشۇكياپىلاقنىڭ باللىرى
30. قۇشلارنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشى

ISBN 978-7-900511-66-9
9 787900 511669

باھاسى: 240.00 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، بەككە باھاسى 8.00 يۈەن)
价格：240.00 元（共 30 种类，单价 8.00 元）